分类号:　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　　密级:

学号：090923122756453　　　　　　　　　　　　　　　　单位号码:

# 新疆师范大学
# 2012届硕士学位论文

## ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەرەققىياتى ۋە ئىككى يۆنىلىشى

## 维吾尔朦胧诗派的起源，发展与两个方向

## The Emergence, Development, and Bifurcation of Uyghur Gungga Poetry


研究生姓名:　　乔舒亚•弗里曼

专业:　　　　　中国少数民族语言文学

研究方向:　　　维吾尔现当代文学

院系，年级:　　文学院，**2009**级

指导教师:　　　阿扎提•苏里坦 教授



论文答辩日期：2012 年　6月　1日

学位授予日期:　　　　年　　月　　日

© 2012 Joshua L. Freeman

This work is licensed under a Creative Commons Attribution-NonCommercial-NoDerivatives 4.0 International License.

# قىسقىچە مەزمۇن

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭىچە پىكىر قىلىدىغان، مۇرەككەپ ھېس-تۇيغۇلارنى يېڭىچە ئىپادىلەش ۋاستىلىرى بىلەن ئىپادىلەيدىغان بىر تۈركۈم ياش شائىرلار ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇلارنىڭ بىر ئوقۇپلا چۈشىنىپ كەتكىلى بولمايدىغان، ئادەمنى ئويغا سالىدىغان شېئىرلىرى يېڭىلىققا تەشنا ياش ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى، ئەمما، كونىچە ئىپادىلەش ۋاستىلىرىگە كۆنۈپ كەتكەن، تاشقى شەيئىلەرنى تەسۋىرلەشكە مايىل بەزى پېشقەدەم شائىرلارنى ئەندىكتۈرۈپ قويدى. نەتىجىدە، بارلىق يېڭى شەيئىلەرگە ئوخشاشلا، ياش شائىرلارنىڭ يېڭىچە شېئىرلىرى يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەڭ مۇنازىرە قوزغىغان ھادىسىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو ئەدەبىياتى غەرب ئەدەبىياتى بىلەن، جۈملىدىن، 20- ئەسىر مودېرنىزم ئەدەبىياتى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچراشتى ۋە جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ سەھنىسىدە كۆپ خىل ژانىرلار، كۆپ خىل ئىجادىيەت خاھىشلىرى، ئىجادىيەت ئېقىملىرى شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ ھال بۈگۈنكى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغىمۇ تەسىر قىلماي قالمىدى. ئۇيغۇر ياشلىرى مودېرنىزم ئەدەبىياتى بىلەن ئىككى يول ئارقىلىق ئۇچراشتى: بىرى، ئەرەب تىلى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللار ئارقىلىق ئۇچرىشىش، بۇ يول ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئەدونىس، ماياكوۋسكىيلارنىڭ تەسىرىنى ئېلىپ كەلدى. يەنە بىرى، خەنزۇ تىلى ئارقىلىق بېيداۋ، شۇتىڭلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ئۇچرىشىش. بۇلاردىن خەنزۇ تىلى غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتى بىلەن كەڭرەك ھەم كۆپرەك ئۇچرىشىدىغان قانال بولدى.

بۇ تەسىرلەر نەتىجىسىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان ياشلار مودېرنىزم شېئىرىيەت ھەرىكىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمى دەپ ئاتىلىپ قالغان. ئەمەلىيەتتە، گۇڭگا دېگەن بۇ ئاتالغۇ باشتىنلا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان مودېرنىزم شېئىرىيەت ئېقىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كەڭ ئاتالغۇ. ئېچكىرىلەپ قارىسا، تاشقىي شەكىل جەھەتتىن ئوخشىسىمۇ گۇڭگا شېئىرلار ئۆز ئىچىدىن ھەر خىل خاھىشلارغا ئىگە.

مەزكۇر دىسسېرتاتسىيە بۇ مەسىلىلەرنى بىر-بىرلەپ تەھلىل قىلىدۇ. مۇقەددىمىنىڭ تۆت بۆلىكىدە، مەزكۇر ماقالىنىڭ تېمىسىنىڭ ئەھمىيىتى، ھازىرقى تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى، دائىرىسى ۋە بۇ ماقالىدە يورۇتۇش ئۈچۈن قوللىنىلغان ئۇسۇللار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بىرىنچى باب گۇڭگا شېئىرىيەتنى تونۇشتۇرۇپ، گۇڭگا شېئىرلارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تۆتكە بۆلۈپ چۈشەندۈرىدۇ.

ئىككىنچى باب ماقالىنىڭ ئىككى يادرولۇق تېمىدىن بىرى بولغان گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنىنى تېما قىلغان. بۇرۇنقى ئەسەرلەر گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ

1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بارلىققا كېلىشى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى 20 يىلدا تەرەققىي قىلىش جەريانىنى خېلى يورۇتۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە بىز شۇ تېمىلارنى قىسقىچىلا سۆزلەپ ئۆتۈپ، تېخى يورۇتۇلۇپ بولۇنمىغان تېمىلار، يەنى گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دەۋرىدە گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن ئامىللار ۋە چىنلىق (authenticity)نىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە مۇھىم قىممەتكە ئايلانغانلىقى ھەم بۇ ئەھۋالنىڭ گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەردە تەپسىلىيرەك توختىلىمىز.

ئۈچىنچى باب ماقالىنىڭ باشقا يادرولۇق تېمىسى، يەنى گۇڭگا شېئىرىيەت ئىچىدىكى مەن «كونكرېت» ۋە «سىمۋوللۇق» دەپ ئاتىغان ئىككى چوڭ يۆنىلىشنى مەركەز قىلغان. بۇ باب سىمۋوللۇق يۆنىلىشكە ئەخمەتجان ئوسمان، كونكرېت يۆنىلىشكە ئادىل تۇنىياز، تاھىر ھامۇت ۋە پەرھات تۇرسۇننى مىسالغا كەلتۈرۈپ، شۇ ئىككى يۆنىلىشنىڭ گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمى ئىچىدە مۇستەقىل ئېقىمچاق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

خاتىمە قىسمىدا، مەن يۇقىرىقى مەزمۇنلارنى خۇلاسىلەپ چىقىش ئاساسىدا، گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ ھازىرقى يۆنىلىشى ۋە ئىستىقبالى توغرىلىق توختىلىپ، كېيىنكى گۇڭگا شېئىرىيەت تەتقىقاتى ئۈچۈن بەزى تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇم.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** گۇڭگا شېئىرىيەت، مودېرنىزم شېئىرىيىتى، چىنلىق

# 摘要

上个世纪80年代后期维吾尔文学中出现了一批有新思路，用新的表现手法来表达复杂情感的年轻诗人，他们那些难懂而让人深思的诗歌吸引了许多善于创新的年轻读者。但是新诗歌引起了已习惯于传统表达手法的老一代诗人的担忧。结果，像所有的新事物那样，年轻诗人的新诗歌成为新时期维吾尔文学中最引起争论的文学现象。

改革开放后中国文学跟西方文学尤其是20世纪西方现代派文学广泛接触，在中国文学坛上逐渐形成了多种文学流派，创作体裁和倾向。这种情况在维吾尔文学中也有一定的影响。维吾尔年轻人跟现代派文学接触主要有两种途径。其一，阿拉伯语和中亚突厥语言带来了阿多尼斯和马雅科夫斯基的影响，其二，通过汉语跟汉族梦龙诗人的作品接触。汉语是维吾尔诗人接触西方现代派文学的最常用的通道。

80年代形成的维吾尔现代派诗歌风格被称为Gungga（朦胧）。事实上，从很早开始，“朦胧诗”一词就成了包含各种现代诗歌流派的代名词，而这些流派之间可能千差万别，本文将依次探讨这些问题。本文将依次探讨这些问题。

序言分成三部分，分别讨论了论文的意义、此论题当前研究状况、及本文研究方法。第一章主要介绍朦胧诗的四种重要特点。

第二章着重讨论本论文的两个核心议题之一，即朦胧诗在维吾尔文学史的地位。由于前人研究对朦胧诗自80年代中期出现及随后二十年的发展方面做了很多贡献，本文的重点将放在朦胧诗的历史背景——使这项运动在改革开放时期蓬勃发展的条件，有关朦胧诗起源的争论也显示了本真性在维吾尔文化中的重要。

第三章分析了论文其他一些主要论题，即“具体”和“象征性的”朦胧诗流派之间的区别。通过文本分析，如著名诗人艾合梅迪江 · 悟斯满代表的“象征性的”派，以及帕尔哈提 · 吐尔逊，塔希尔 · 哈木提和阿迪力•土尼雅孜代表的“具体”派诗歌作品，本章提出这种文体差异构成了朦胧诗内部的不同流派，这种差别程度相当于传统诗歌和整个朦胧诗之间的差别。

通过分析朦胧诗目前和未来可能的发展趋势，本文结论将重申以上论题，并对今后朦胧诗歌的研究方向提出一些建议。

**关键词**：朦胧诗，现代诗歌，文学争论，本真性

# Abstract

In the mid- to late 1980s, a group of young poets captured the attention of the Uyghur literary community with their new ideas and their new ways of expressing thoughts and feelings. Their poems' difficulty and originality proved particularly attractive to younger readers. This new modernist movement was a cause of concern, though, for older poets used to traditional modes of expression, and to describing the observable world. As a result, this new school of poetry became the center of one of the most vigorous debates in recent Uyghur literary history.

Following the implementation of China's Reform and Opening Policy, extensive contact and exchange between Chinese and Western literature, including twentieth century modernist literature, encouraged the proliferation on the Chinese literary scene of new genres, new literary ideas, and new literary movements. As a constituent part of Chinese literature, Uyghur literature also gave expression to these trends. Young Uyghur writers were introduced to modernist literature via two routes. The first brought the works of poets like Adonis and Mayakovsky to Uyghurs via translations into Arabic and the Turkic languages of Central Asia. The second route by which modernism entered Uyghur literature was the work of Chinese modernist poets like Bei Dao and Shu Ting. The Chinese language ultimately formed the most important meeting point for Uyghur literature and Western modernist literature.

The modernist, youth-led Uyghur poetic movement inspired by these influences soon came to be known as the *Gungga* (hazy) school of poetry. From early on, though, the word *Gungga* has in many ways been a catchall term for various modernist poetic tendencies, some of which differ greatly from each other. Close inspection reveals that *Gungga* poems, while similar in form, in fact express a broad range of meanings and desires. These differences within the *Gungga* school comprise a major focus of this thesis.

The preface consists of four sections, and will discuss the scope of the thesis, the relevance of its subject matter, the research methods used herein, and the current state of research on the topic. The first chapter, primarily introductory in nature, will briefly outline what I take to be the four major features of *Gungga* poetry.

The second chapter focuses on one of the thesis's two core topics, namely, the place of *Gungga* poetry in Uyghur literary history. Since previous works have done much to illuminate the emergence of *Gungga* poetry in the mid-1980s and its development over the subsequent two decades, our primary focus here will be on the historical background of *Gungga* poetry, the conditions which allowed this movement to flourish in China's reform era, and the importance of authenticity as a touchstone in Uyghur culture, as revealed in the debates surrounding the origins of *Gungga* poetry.

The third chapter will turn to the thesis's other main theme, the largely unexplored division between what I call here the "concrete" and the "symbolic" schools of Uyghur *Gungga* poetry. Taking the prominent poet Exmetjan Osman as exemplary of the "symbolic" school, and Tahir Hamut, Perhat Tursun, and Adil Tuniyaz as representative of the "concrete" school, this chapter argues that divisions between different schools of *Gungga* poetry are as substantial as those between traditionalist poems and *Gungga* poems as a whole.

The conclusion will reprise the above themes in considering current trends in *Gungga* poetry, as well as the future of the movement. A few suggestions will also be put forth for fruitful new directions in research on *Gungga* poetry.

**Keywords: *Gungga* poetry, modernist poetry, literary debates, authenticity**

# مۇندەرىجە


**مۇقەددىمە........................................ 1**
**1: تېمىنىڭ تەتقىقات قىممىتى ۋە تاللىنىش سەۋەبى............ 1**
**2: تېمىنىڭ ھازىرقى تەتقىقات ئەھۋالى............................ 2**
**3: مەزكۇر ماقالىنىڭ تېما دائىرىسى............................ 3**
**4: مەزكۇر ماقالىدە قوللىنىلغان تەتقىقات ئۇسۇلى............ 5**

**بىرىنچى باب: گۇڭگا شېئىرلارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى........ 7**
**1.1: گۇڭگا شېئىرلارنىڭ تىل ۋە ئىماگ ئالاھىدىلىكى........................ 7**
**1.2: گۇڭگا شېئىرلارنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى............................ 9**
**1.3: گۇڭگا شېئىرلارنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى............................ 11**
**1.4: گۇڭگا شېئىرلارنىڭ ھېسسىيات ئالاھىدىلىكى بارمۇ؟............ 12**

**ئىككىنچى باب: گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى..... 15**
**2.1: گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي ئامىللار................ 16**
1) يېڭى ئوقۇش پۇرسەتلىرىنىڭ رولى............................ 16
2) ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دەۋرىدىكى يېڭىچە سورۇنلار ۋە گۇڭگا شېئىرىيەت..... 17
3) ئەدەبىيات سالون-كۇرۇژوكلىرىنىڭ شىنجاڭدا تەرەققىي قىلىشى............ 18
4) نەنمېن كىنوخانىسىدىكى سالون: شىنجاڭدىكى بىر ئەنجۇمەن ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش...................................... 20
**2.2: گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئەدەبىي ئامىللار............ 22**
1) نەشرىياتلار ۋە ئەپكارلارنىڭ رولى........................ 22
2) خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ رولى............................ 23
3) چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ رولى............................ 24
**2.3: گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنى.......... 26**
1) گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ سېۋەت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئارقا كۆرۈنۈشى.......... 27
2) چاغاتاي ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىن گۇڭگا شېئىرىيەتكىچە................ 29
3) قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۇڭگا شېئىرىيىتىگە قانچىلىك تەسىرى بولغان؟.. 32
4) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن يىلتىز ئىزدەش............................ 32
**2.4: گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ نەسەبنامىسى: پاكىتلار ۋە تالاش-تارتىشلار............ 33**
1) رېئالىزم ۋە ئەنئەنە توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەر............................ 34
2) ئەنئەنە ۋە مىللىي روھ...................................... 36

**ئۈچىنچى باب: گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمى ئىچىدىكى ئېقىملار............ 38**
**3.1: ئەخمەتجان ئوسمان ۋە گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ سىمۋوللۇق يۆنىلىشى............ 42**

1) گۈڭگا شېئىر ۋە گۈڭگا سىمۋول.................................. 43
2) ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئىجادىيىتى ۋە ھايات پائالىيىتى................ 45
3) ئەخمەتجان ئوسماننىڭ سىمۋوللۇق گۈڭگا شېئىر ئۇسلۇبى ۋە ئەدەبىيات قاراشلىرى...................................................... 47
4) ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدىكى ئاساسلىق تېمىلار............ 50
5) ئەخمەتجان ئوسمانغا تەسىر كۆرسەتكەن شائىر، ئېقىم ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر.... 55
6) ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى.............................. 57
7) ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ۋە كەڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى تەسىرى...................................................... 60
**3.2: گۈڭگا شېئىرىيەتنىڭ كونكرېت يۆنىلىشى**.............................. 63
1) رېئال دۇنيانىڭ گۈڭگا ئەينەكتىكى ئەكسى............................... 63
2) جەنۇبقا كەتكەن ئىككى شائىر...................................... 65
3) ئادىل تۇنىيازنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى....................... 70
4) ئادىل تۇنىياز شېئىرىيىتىدىكى كونكرېت گۈڭگا بۇرۇلۇش.................. 71
5) تاھىر ھامۇتنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى.......................... 80
6) تاھىر ھامۇت شېئىرىيىتىدىكى كونكرېت گۈڭگا بۇرۇلۇش.................. 81
7) پەرھات تۇرسۇننىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى....................... 84
8) پەرھات تۇرسۇننىڭ كلاسسىك ئۇسلۇبدا يېزىلغان مۇھەببەت لىرىكىلىرى........ 86
9) پەرھات تۇرسۇن شېئىرىيىتىدىكى كونكرېت گۈڭگا بۇرۇلۇش.................. 90

**خاتىمە: ئۇيغۇر گۈڭگا شېئىرىيىتىنىڭ بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى**.................. 95

**پايدىلانغان ماتېرىياللار**.............................................. 98

**ئاخىرقى سۆز**........................................................ 103

# 目录


序言……………………………………………………………………… 1
1: 文章选题和学术意义…………………………………………………… 1
2: 选题的研究现状………………………………………………………… 2
3: 选题范围………………………………………………………………… 3
4: 研究方法………………………………………………………………… 5

第一章：朦胧诗的基本特征……………………………………………… 7
1.1: 语言与意象特征……………………………………………………… 7
1.2: 形式与文体风格……………………………………………………… 9
1.3: 内容…………………………………………………………………… 11
1.4: 朦胧诗有特定的情绪吗？…………………………………………… 12

第二章：朦胧诗的出现和发展…………………………………………… 15
2.1: 朦胧诗出现的社会因素……………………………………………… 16
1) 新式教育的作用……………………………………………………… 16
2) 改革开放时期的公共空间与朦胧诗………………………………… 17
3) 沙龙与学习小组的发展……………………………………………… 18
4) 南门电影院文艺沙龙：对新疆沙龙的初步案例分析……………… 20
2.2: 朦胧诗出现的文学因素……………………………………………… 22
1) 出版社与期刊………………………………………………………… 22
2) 汉语文学……………………………………………………………… 23
3) 外国文学……………………………………………………………… 24
2.3: 朦胧诗在维吾尔文学历史上的地位………………………………… 26
1) 苏联文学背景………………………………………………………… 27
2) 从察合台文学到朦胧诗……………………………………………… 29
3) 古代维吾尔文学对朦胧诗有什么影响？…………………………… 32
4) 在口头民间文学中寻找根源………………………………………… 32
2.4: 朦胧诗家谱：事实与争论…………………………………………… 33
1) 现实主义与传统之争………………………………………………… 34
2) 传统与民族精神……………………………………………………… 36

第三章：朦胧诗内部的运动……………………………………………… 38
3.1: 艾合梅迪江·悟斯满与朦胧诗的象征派趋势……………………… 42
1) 朦胧诗及其象征……………………………………………………… 43
2) 艾合梅迪江·悟斯满生平与写作生涯……………………………… 45
3) 艾合梅迪江·悟斯满的象征派朦胧诗风格与文学理念…………… 47

4) 艾合梅迪江・悟斯满的诗歌主题………………………………………………………… 50
5) 艾合梅迪江・悟斯满的灵感源泉：诗人，运动和思想……………………………… 55
6) 艾合梅迪江・悟斯满主要作品……………………………………………………………… 57
7) 艾合梅迪江・悟斯满对维吾尔诗歌与文化的影响………………………………… 60
3.2: 朦胧诗的具体派趋势…………………………………………………………………………… 63
1) 朦胧诗镜中的世界…………………………………………………………………………… 63
2) 两位诗人同赴南疆…………………………………………………………………………… 65
3) 阿迪力・吐尼亚孜生平与写作生涯……………………………………………………… 70
4) 阿迪力・吐尼亚孜朦胧诗中的具体派转向…………………………………………… 71
5) 塔希尔・哈木提生平与写作生涯………………………………………………………… 80
6) 塔希尔・哈木提朦胧诗中的具体派转向……………………………………………… 81
7) 帕尔哈提・吐尔逊生平与写作生涯……………………………………………………… 84
8) 帕尔哈提・吐尔逊的古典主义爱情诗…………………………………………………… 86
9) 帕尔哈提・吐尔逊朦胧诗中的具体派转向…………………………………………… 90

结论：朦胧诗的现在和未来……………………………………………………………… 95

参考书目…………………………………………………………………………………………… 98

后记………………………………………………………………………………………………… 103

# Table of Contents


**Preface** ........ 1
**1. The Selection and Research Value of the Topic** ........ 1
**2. The Current State of Research on the Topic** ........ 2
**3. The Scope of the Topic** ........ 3
**4. Research Methods Employed in this Paper** ........ 5

**Chapter One: The Basic Characteristics of Gungga Poetry** ........ 7
**1.1: Language and Imagery** ........ 7
**1.2: Form and Style** ........ 9
**1.3: Content** ........ 11
**1.4: Do Gungga Poems Have a Characteristic Mood?** ........ 12

**Chapter Two: The Emergence and Development of Gungga Poetry** ........ 15
**2.1: Social Factors in the Emergence of Gungga Poetry** ........ 16
1) The Role of New Educational Opportunities ........ 16
2) The Reform Era Public Sphere and Gungga Poetry ........ 17
3) The Development of Salons and Study Groups in Xinjiang ........ 18
4) The Nanmen Cinema Salon: A Preliminary Case Study of a Xinjiang Salon ........ 20
**2.2: Literary Factors in the Emergence of Gungga Poetry** ........ 22
1) Publishers and Journals ........ 22
2) Han Chinese Literature ........ 23
3) Foreign Literature ........ 24
**2.3: Gungga Poetry in Uyghur Literary History** ........ 26
1) The Soviet Literary Background ........ 27
2) From Chaghatay Literature to Gungga Poetry ........ 29
3) What Influence Did Ancient Uyghur Literature Have on Gungga Poetry? ........ 32
4) Looking for Roots in Oral Folk Literature ........ 32
**2.4: Gungga Poetry's Family Tree: Facts and Feuds** ........ 33
1) Arguments about Realism and Tradition ........ 34
2) Tradition and the National Spirit ........ 36

**Chapter Three: Movements Within the Gungga Poetry Movement** ........ 38
**3.1: Exmetjan Osman and Gungga Poetry's Symbolic Tendency** ........ 42
1) Gungga Poems and Gungga Symbols ........ 43
2) Exmetjan Osman's Life and Literary Career ........ 45
3) Exmetjan Osman's Symbolic Gungga Style and Literary Beliefs ........ 47
4) Major Themes in Exmetjan Osman's Poetry ........ 50
5) Exmetjan Osman's Influences: Poets, Movements, Ideas ........ 55
6) Exmetjan Osman's Major Works ........ 57
7) Exmetjan Osman's Influence in Uyghur Poetry and Uyghur Culture ........ 60

**3.2: Gungga Poetry's Concrete Tendency**………………………………………………………… 63
1) The World Reflected in a Gungga Mirror……………………………………………….. 63
2) Two Poets Head South…………………………………………………………………….. 65
3) Adil Tuniyaz's Life and Literary Career………………………………………………. 70
4) The Concrete Gungga Turn in Adil Tuniyaz's Poetry………………………………. 71
5) Tahir Hamut's Life and Literary Career……………………………………………….. 80
6) The Concrete Gungga Turn in Tahir Hamut's Poetry……………………………….. 81
7) Perhat Tursun's Life and Literary Career……………………………………………… 84
8) Perhat Tursun's Classicist Love Lyrics………………………………………………….. 86
9) The Concrete Gungga Turn in Perhat Tursun's Poetry……………………………….. 90

**Conclusion: The Present and Future of Gungga Poetry**……………………….. 95

**Bibliography**……………………………………………………………………………. 98

**Afterword**……………………………………………………………………………….. 103

# مۇقەددىمە

## 1: تېمىنىڭ تەتقىقات قىممىتى ۋە تاللىنىش سەۋەبى

ئەلۋەتتە، ھەر قانداق ئەدەبىيات ئېقىمى ئۆزلۈكى ئۈچۈن تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ. مۇھىم تارىخىي بۇرۇلۇشتا گۈللەنگەن گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمى ئالاھىدە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە، چۈنكى ئۇشبۇ ئېقىمنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دەۋرى، جۈملىدىن شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر زىيالىي قاتلىمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەنگىلى بولىدۇ. گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن ئامىللارنى تەتقىق قىلىش بىلەن، بىز ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ بازاردىلا ئەمەس، بەلكى مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ ئىجادچانلىقنى ئاشۇرىدىغان رىقابەتكە يول قويغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. گۇڭگىچىلار بىلەن ئەنئەنىچىلەر ئارىسىدىكى مۇنازىرىلەردىن بىز چىنلىقنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە مۇھىم بىر ئۇقۇمغا ئايلانغانلىقىنى بىلەلەيمىز، ھەم شۇنىڭ بىلەن بىز ھازىرقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر يۆنىلىشىنى چۈشىنەلەيمىز.

گۇڭگا شېئىرىيەتنى تەتقىقاتىنىڭ يەنە بىر پايدىلىق تەرىپى شۇكى، بىز مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل مەدەنىيەت، تىل ۋە مىللەتلەردىكى شەكىللىرىنى تەتقىق قىلىپ، بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، زامانىۋىلىششقا بولغان چۈشەنچىمىزنى ئاشۇرالايمىز. زامانىۋىلىشىش بىر قەدەر ئىلگىرىلىگەن جەمئىيەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە مودېرنىزم ئەدەبىيات-سەنئىتىمۇ پەيدا بولىدۇ. مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل مەدەنىيەتلەردە شەكىللەنگەن ئىپادىلىرىنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، بىز زامانىۋىلىشىشنىڭ قايسى تەرەپلىرىنىڭ ھەممە يەردە ئوخشاش بولغانلىقى، قايسى تەرەپلىرىنىڭ ئوخشىمىغان رايون، مىللەت ياكى مەدەنىيەتلەرگە ئوخشىمىغان تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

گۇڭگا شېئىرىيەت باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىگە ئېرىشكەن بىر تېما بولسىمۇ، ئەمما، تېخى ئايدىڭلاشتۇرۇلمىغان مەسىلىلەر كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇرۇنقى تەتقىقاتلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى كۆز قاراشلار مېنىڭ نەزىرىمدە قانائەت قىلارلىق ئەمەس. شۇ سەۋەبدىن، مەن مەزكۇر ماقالىنى يېزىشنى ئەھمىيەتلىك كۆردۈم. يەنە كەلسەك، ئەۋج ئالغان ۋاقتىغا تېخى 30 يىل توشمىغان گۇڭگا شېئىرىيەت ھەرىكىتىنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى ھازىر تازا پىشىپ چىققان، چۈنكى شۇ ئېقىمغا قاتناشقانلار ۋە شاھىت بولغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ھايات.

## 2: تېمىنىڭ ھازىرقى تەتقىقات ئەھۋالى

گۇڭگا شېئىرىيەت قىزغىنلىقى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن مەزگىلدە، يەنى 1986- يىلدىن 1990- يىلىلارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، گۇڭگا شېئىرلار توغرىلىق كۆپلىگەن تەنقىدىي ئەسەرلەر يېزىلغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى گۇڭگا شېئىرىيەتكە نىسبەتەن يا قوللايدىغان يا قارشى تۇرىدىغان مەيدان تۇتۇپ، مەزكۇر ماقالىنىڭ ئىككىنچى بابىدا سۆزلەنگەن گۇڭگا شېئىرىيەت مۇنازىرىسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولغان. شۇ مەزگىلدىن كېيىن، گۇڭگا شېئىرىيەت ھەرىكىتىنىڭە قاتناشقان بىر قىسىم شائىر-ئوبزورچىلار ھەرىكەت توغرىلىق خاتىمە ياكى ئەسلىمە خارېكتېرلىق ماقالىلەر قالدۇرغان. مۇنداق ماتېرىياللارنىڭ بەزىلىرىنى تەتقىقات ئەسەرلىرى دېگىلى بولسىمۇ، ئەمما مەزكۇر ماقالىدە بۇ ماتېرىياللار ئاساسەن بىرىنچى قول مەنبە قىلىپ قوللىنىلغان.

نەچچە يىلدىن بېرى، گۇڭگا شېئىرىيەتكە ئائىت ئىككى چوڭ ئىلمي ئەسەر مەيدانغا كەلدى. بىرىسى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرگەن سۇلايمان قەييۇمنىڭ ئادىل تۇنىياز توغرىلىق يازغان دىسسېرتاتسىيىسى بولسا، يەنە بىرىسى شۇ ئۇنىۋېرسىتېتتە ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرگەن ئوسمان مەمەتنىڭ گۇڭگا شېئىرىيەت ھەرىكىتىنى تېما قىلغان دىسسېرتاتسىيىسى. سۇلەيماننىڭ ماقالىسى ناھايىتى ئەتراپلىق ھەم تەپسىلي، ئەمما ئۇنىڭ دائىرىسى ئاساسەن بىرلا گۇڭگا شائىر، يەنى ئادىل تۇنىيازنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن چەكلىنىدۇ. ئوسمان مەمەتنىڭ ماقالىسىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭرەك، ئەمما، ئوسمان ئوتتۇرىغا قويغان بەزى كۆز قاراشلارنى توغرا تاپمىدىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ ماقالىسىدە گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى بەزى مۇھىم نۇقتىلار يېتەرلىك يورۇتۇلۇپ بېرىلمىگەن.

ئەدەبىيات تارىخىنى دەۋرلەرگە، ھەرىكەتلەرگە بۆلۈش قولايلىق بولسىمۇ، لېكىن مۇنداق بۆلۈشلەر بەزىدە مۇرەككەپ ھەقىقەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئوسمان مەمەت ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيەت ھەرىكىتىنى 1986- يىلى باشلىنىپ، 1993- يىلى «باشلامچى شائىرلارنىڭ چېكىنىشى بىلەن» ئاخىرلاشقان دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ. (3-4- بەتلەر) ئەمما، مېنىڭ قارىشىمچە، كۆرسىتىلگەن ۋاقىت گۇڭگا شېئىرىيەت قىزغىنلىقى ئەڭ ئەۋج ئالغان مەزگىل بولسىمۇ، ئەمما بۇ شېئىرىيەت ئېقىمى ھەرگىز ئوسمان مەمەت دېگەندەك باشقا شېئىرلارغا سىڭىشىپلا كەتكەن ئەمەس، بەلكى گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمى ھازىرغىچە خېلى جانلىق ئېقىم بولۇپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەمەت ئوسمان گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ يىراق ئارقا كۆرۈنۈشى، مەسىلەن سېۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ چاچما شېئىر شەكلىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئەكىرگەنلىكى ھەققىدە پەقەت توختالمىغان.

دۆلەت ئىچىدىكى گۇڭگا شېئىرىيەت تەتقىقاتى ئاساسەن يۇقىرىقى ئەسەرلەردىن ئىبارەت. دۆلەت سىرتىدا ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىدە مەخسۇس توختالغان بىردىنبىر ئەسەر گېرمان تەتقىقاتچىسى مايكىل فرىيدىرىخنىڭ 2007- يىلى ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى

توغرىسىدىكى ماقالە. بۇ ماقالە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى تەرەققىيات تارىخىنى چۆرىدىگەن ھالدا گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى ۋە كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا توختىلىدۇ. بۇ ماقالە غەرب ئەللىرىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقتا چوڭ تۆھپە ھېسابلانسىمۇ، ئەمما، مۇئەللىپ گۇڭگا شېئىرىيەتنى ئاساسەن بىر پوتونلوك سوپىتىدە تەھلىل قىلىدۇ، شۇڭلاشقا فرىيدرىخ ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدە گۇڭگا شېئىرىيەت ئىچىدىكى يۆنىلىشلەر سەل قارىلىپ قالغان. فرىيدرىخ ئەپەندى گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ كېلىپ چىقىش شارائىتىنى بۇ ماقالىدە ياخشى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن، ئەمما، ئۆز تەتقىقات دائىرىسى ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئىچىگە ئالمىغاچقىمىكىن، گۇڭگا شېئىرىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى چوڭقۇر يىلتىزى ئۈستىدە توختالمىغان.

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدە، مودېرنىزم ئەدەبىياتى، جۈملىدىن جۇڭگونىڭ مودېرنىزم شېئىرىيىتى ھەرىكىتى توغرىلىق تەتقىقات ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ. گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ كېلىپ چىقىش ۋە تەرەققىياتى مۇساپىسىنى يورۇتۇپ بېرىش جەريانىدا، مەزكۇر ماقالە شۇنداق ئەسەرلەردىن مەلۇم دەرىجىدە پايدىلىنىدۇ. گەرچە بۇ ئەسەرلەردە ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىگە ئائىت مەزمۇن بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ تېمىغا ياندىشىش ئۇچۇرلار ناھايىتى كۆپ. ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن خەنزۇ مېڭلوڭ شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئارىسىدا نۇرغۇن ئورتاقلىقلار ۋە بەزى پەرقلەرمۇ بار، خەنزۇ ۋە ئىنگلىز تىلىدا يېزىلغان بەزى تەتقىقات ئەسەرلىرى بۇ مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىزغا پايدىلىق بولىدۇ.

مېنىڭ نەزىرىمدە، گۇڭگا شېئىرىيەت تەتقىقاتىدا ساقلىنىپ كەلگەن ئەڭ چوڭ بوشلۇق گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمى ئىچىدىكى ئېقىملارنىڭ تەتقىق قىلىنمىغانلىقىدۇر. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، بۇنىڭ سەۋەبى ئېھتىمال گۇڭگىچىلار بىلەن ئەنئەنىچىلەر ئارىسىدىكى بەس-مۇنازىرىلەرنىڭ كۆپ ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى گۇڭگا شېئىرىيەت ئىچىدىكى ئوخشىماسلىقلاردىن تارتىۋالغانلىقى. ئۇشبۇ سەۋەبتىن، مەزكۇر دىسسېرتاتسىيە گۇڭگا ئېقىمىنىڭ ئىچكى يۆنىلىشلىرىنى مەركەز قىلغان.

## 3: مەزكۇر ماقالىنىڭ تېما دائىرىسى

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمى، جۈملىدىن 1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 90- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تازا ئەۋج ئالغان گۇڭگا شېئىرىيەت ھەرىكىتى تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي كەلگەن تېما ئەمەس. ئەمما، ھازىرغىچە بولغان گۇڭگا شېئىرىيەت تەتقىقاتىدا يەنىلا بوشلۇقلار مەۋجۇت. شۇ سەۋەبتىن، مەزكۇر ماقالەمدە مەن شۇ بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشقا تىرىشىپ، ھازىرغىچە تەتقىقاتچىلارنىڭ يېتەرلىك دىققىتىگە ئېرىشەلمەي كەلگەن شۇ مەسىلىلەرنى ئاساسلىق مەزمۇن قىلدىم. باشقا تەتقىقاتچىلار بىر قەدەر تولۇق ئىزدەنگەن

مەزمۇنلار، يەنى گۇڭگا شېئىرلارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى، كۆزگە كۆرۈنگەن مۇئەللىپلىرى، قاتارلىق بىر قىسىم مەسىلىلەرنى پەقەت قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتۈپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەپسىلىيرەك پايدىلىنىشى ئۈچۈن شۇ تېمىلار ئاللىقاچان يورۇتۇلۇپ بولغان باشقا تەتقىقات ئەسەرلىرىنى كۆرسەتتىم.

ئۇشبۇ سەۋەبلەردىن، ماقالىنىڭ گۇڭگا شېئىرلارنى تونۇشتۇرىدىغان بىرىنچى بابىدا گۇڭگا شېئىرلارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى، تۈرلىرى ۋە مۇئەللىپلىرىنى ئوقۇرمەننىڭ ئىنكاسىدا يېتەرلىك چۈشەنچە ھاسىل قىلغۇدەك چۈشەندۈرسىمۇ، ئەمما بۇ تېمىلاردا تەپسىلىيرەك توختالغان باشقا ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى تەكرارلىماسلىق ئۈچۈن، بۇ نۇقتىلاردا ئۇزۇن توختالمىدىم. كۆپرەك ئۈچۈرلار ئىگىلەشكە قىزىقىدىغان ئوقۇرمەنلەرگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، بۇ تېمىلار ئاللىقاچان يورۇتۇلۇپ بولغان باشقا ئەسەرلەرنىڭ نەشىر قىلىنىش تەپسىلاتلىرى بۇ بابتا بېرىلگەن.

ماقالىنىڭ ئىككىنچى بابى گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ تاشقىي تارىخى، يەنى ئۇنىڭ ئەدەبىي يىلتىزى، شەكىللىنىشتىكى ئامىللىرى ۋە 25 يىللىق تەرەققىيات مۇساپىسى بىلەن شۇ شېئىرىيەت ئېقىمى مەركەز قىلغان بەس-مۇنازىرىلەرنى ئاساسلىق تېما قىلغان. ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرلىرىنى باشقا تىللاردىكى مودېرنىزم شېئىرلىرىغا سېلىشتۇرۇش ۋە ئۇيغۇر گۇڭگا شائىرلىرىنى زىيارەت قىلىش ئاساسىدا، مەزكۇر باب ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەر خىل تەبىر ۋە پەرەزلەرنى باھالاپ بېرىدۇ. 80- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ تەخمىنەن ئون يىل سوزۇلغان گۇڭگا شېئىرىيەت توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەردە، گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى مەركىزىي تېما بولغان. ماقالەمنىڭ مەزكۇر بابىدا، مەن بۇ كېلىپ چىقىش توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەرنى جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتلىرى، شۇنداقلا بۈگۈنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بەزى يۈزلىنىشلىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرمەكچى.

ماقالىنىڭ ئۈچىنچى بابى گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ ئىچكى تارىخى، يەنى بۇ ئېقىمنىڭ مەزمۇن، شەكىل ۋە مەنە جەھەتتىكى تەرەققىياتىنى مەزمۇن قىلغان. مېنىڭ نەزىرىمدە، گۇڭگا شېئىر دەپ ئاتىلىپ كەلگەن شېئىرلار ئەمەلىيەتتە ئىككى چوڭ تۈرگە، يەنى مەن ئابستراكت گۇڭگا شېئىر بىلەن كونكرېت گۇڭگا شېئىر دەپ ئاتىغان ئىككى كاتېگورىيىگە بۆلۈنىدۇ. بۇ بابتا مىسالغا ئېلىنغان شېئىرلارنىڭ مەزمۇن، ئىماگ ۋە مەنە ئالاھىدىلىكلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا، مەن ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتى ئېقىمى ئىچىدە بىر-بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىككى يۆنىلىشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىماقچى. بۇ قارىشىمنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن مەن كونكرېت گۇڭگا شېئىرىيەت بىلەن ئابستراكت گۇڭگا شېئىرىيەت دەپ ئايرىغان شۇ ئىككى يۆنىلىشنىڭ ھەر بىرىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان شائىرلارنى تاللاپ، شۇ شائىرلارنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ ئىككى يۆنىلىش ئارىسىدىكى روشەن پەرقلەرنى كۆرسەتمەكچى.

ماقالىنىڭ خاتىمە قىسمىدا، مەن ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، بۇ ئېقىمنىڭ ھازىرغا قەدەر بولغان تەرەققىياتىنى باھالاش ئاساسىدا، ئېقىمنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدىكى پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويماقچى. مەن بۇ يەردە بولۇپمۇ گۇڭگا شېئىرىيەت توختاپ قالدى، گۇڭگا شېئىرنىڭ دەۋرى ئۆتتۈپ كەتتى دېگەندەك باھالارغا قارىتا ئۆزۈمنىڭ باشقىچە پىكرىنى جاكارلىماقچى. بۇ قىسمىدا، ماقالەمنى خۇلاسىلەپ چىقىشتىن سىرت، مەن گۇڭگا شېئىرىيەتكە ئائىت يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان بەزى مەسىلىلەرنى باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىگە سۇنماقچى.

## 4: مەزكۇر ماقالىدە قوللىنىلغان تەتقىقات ئۇسۇلى

بۇ ماقالىنىڭ يېزىلىش جەريانى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنگەن. بىرىنچى باسقۇچتا، مەن گۇڭگا شېئىرىيەتكە ئائىت بىرىنچى قول يازما ماتېرىياللار، يەنى گۇڭگا شېئىرلار ياكى گۇڭگا شېئىرلارغا مۇناسىۋەتلىك تەنقىدىي ئەسەرلەر چىققان ھەر قايسى گېزىت، ژۇرنال، توپلام، تور بېكەتلىرىدىن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىپ توپلاش بىلەن بىرگە، بۇ بىرىنچى قول يازما ماتېرىيالغا جانلىق بىرىنچى قول ماتېرىيال قوشۇش سۈپىتىدە، گۇڭگا شېئىرىيەت ھەرىكىتىگە قاتناشقان ھەم شاھىت بولغان نۇرغۇن شائىر، تەنقىدچى ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىمىلىرىنى تەپسىلىي خاتىرىلەپ، بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ چىقتىم. بۇ ماتېرىياللارنى توپلاش جەريانىدا، مەن گۇڭگا شېئىرىيەت توغرىسىدىكى نۇرغۇن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ھېس قىلىپ، بۇ مەسىلىلەردە داۋاملىق ئىزدىنىشكە بەل باغلىغان.

تەتقىقاتىمنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا، مەن گۇڭگا شېئىرىيەتكە، شۇنداقلا مودېرنىزم ئەدەبىياتى ۋە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئائىت تەتقىقات ئەسەرلىرىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتىم. ئۆزۈم ئىزدىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنىڭ كىشىنى قايىل قىلىدىغان جاۋابلىرىنى شۇ تەتقىقات ئەسەرلىرىدىن تاپقان بولسام، مەن قىزىقىپ كەلگەن يەنە كۆپلىگەن مەسىلىلەرگە تېخى يېتەرلىك جاۋاب، ھەتتا بەزىدە ھېچقانداق جاۋاب بېرىلمەي كەلگەنلىكىنى بايقىدىم. تەتقىقاتىمنىڭ ئۇشبۇ باسقۇچىدا، مەن بۇرۇن گۇڭگا شېئىرىيەت تېمىسى ھەم يانداشراق تېمىلاردا تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىملارنىڭ ئىزدىنىش نەتىجىسىنى تەنقىدىي قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نۆۋەتتىكى تەتقىقاتتا ساقلىنىپ كەلگەن مەسىلىلەر ھەم بوشلۇقلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئۈچىنچى تەتقىقات باسقۇچىغا كىرىشتىم. بۇ باسقۇچ مەزكۇر ماقالىنىڭ رەسمىي يېزىلىشىنى ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تەتقىقاتىمنىڭ ئەڭ ئۇزۇن جەريانى ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەرياندا مەن قوللانغان ئاساسلىق ئۇسۇللار ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى، سېلىشتۇرما تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى ۋە تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۆزەم يىغىپ توپلىغان نۇرغۇن گۇڭگا شېئىرلارنى بىر-

بىرىگە سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا، ھەممە شېئىرلارنى ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىپ چىقتىم. دەل شۇ ئايرىۋېتىش جەريانىدا، مەن بۇرۇنقى تەتقىقاتچىلار تولۇق يۈزلەنمىگەن بىر رېئاللىقنى، يەنى مەزكۇر ماقالىنىڭ مۇھىم تېمىسى بولغان گۇڭگا شېئىرىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئوخشىمىغان ئېقىملاردىن تەركىب تاپقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

گۇڭگا شېئىرىيەت توغرىسىدىكى بەس-مۇنازىرىلەر بىرىنچى قول ماتېرىياللاردىمۇ، ئىككىنچى قول ماتېرىياللاردىمۇ تولا تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ماتېرىياللارنى ئوقۇغانسېرى مەن بۇ مۇنازىرىلەرنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا ھېچكىمنىڭ تەپسىلىي توختالمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. گۇڭگىچىلار بىلەن ئەنئەنىچىلەرنىڭ زادى نېمىشقا بۇ تېمىنى شۇنچە تالاشقانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، مەن تارىخىي ۋە پسىخىكىلىق نۇقتىدىن چىقىپ، مۇنازىرىلەرنىڭ مەزمۇنىنى تەھلىل قىلدىم. مانا بۇ تەھلىل قىلىشىمنىڭ نەتىجىسىنى  ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۆۋەندىكى بابلاردىن كۆرۈپ، ماڭا قىممەتلىك تەكلىپ-تەنقىدلىرىنى بېرىشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

# بىرىنچى باب: گۇڭگا شېئىرلارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى

## 1.1: گۇڭگا شېئىرلارنىڭ تىل ۋە ئىماگ ئالاھىدىلىكى

گۇڭگا شېئىرلارنىڭ بىر تۈپكى ئالاھىدىلىكى غەلىتە، تۇتۇق، چۈشىنىكسىز ئىماگ ۋە ئوخشىتىشلار، لوگىكىغا چۈشمەيدىغان خىيال ۋە تەسۋىرلەر. مانا بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەر ئوقۇرمەنىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى غىدىقلاپ، ئاڭلىق ئىنكاسىدىن ھالقىپ كېتىپ، ھېسسىيات ۋە يوشۇرۇن ئېڭىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. تاھىر ھامۇتنىڭ «تاش ئەينەك» دېگەن 1994- يىللىق شېئىرىدىكى بۇ مىسرالارغا قارايلى:

تاش ئەينەكنى نەدىن تاپقانسەن؟ قەدىمقى دەۋردىنمۇ؟ ياكى چۈشۈڭدىن؟
ئۇ چاغلاردا يۈرەكلەرنىڭ ھەممىسى قۇم ئىدى، شامال ئىدى،
يەنە قاپقارا پۇراق بار ئىدى، بىراق تارقاپ كەتمىگەن.
**(«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2008- يىللىق 6- سان، 26- بەت)**

شائىر تاھىرنىڭ يۇقىرىقى مىسرالىرىنى كۆرگەن ئوقۇرمەن بۇ ئىماگلارنىڭ مەلۇم بىر نەرسىگە سىمۋوللۇق قىلغانلىقىنى بىلەلىشى ناتايىن، ئەمما ئوقۇرمەن ئىنكاسىدا ئېنىق بىر ھېسسىيات شەكىللىنىدۇ. كۆپلىگەن گۇڭگا شېئىرلارنىڭ مۇنداق فۇنكسىيىسى باركى، يەنى مۇشۇنداق بىر شېئىرنىڭ ئېنىق بىر مەنىسىنى ئاڭقىرىۋالغىلى بولمايدۇ، بەلكى شېئىرنى كۆرگەندە شېئىردىكى ئىماگلار ئوقۇرمەن ئېڭىدا بىر تۇيغۇنى پەيدا قىلىدۇ. ئەمما، بەزى گۇڭگا شېئىرلادىكى غەلىتە ئىماگلار ھەقىقەتەن بىر نەرسىگە سىمۋوللۇق قىلىدۇ، بۇنى بىز ئەخمەتجان ئوسماننىڭ 1995- يىلى يازغان «ئەجدادلار» دېگەن شېئىرىدىن كۆرەيلى:

گويا سوغۇق يۇلتۇزلار سەلكىنىدەك
كىرپىكلىرىم ئارا، شۇئان، ئۆتمەكتىسلەر،
ئەي، ئۆلۈم قىتئەسىدە ئولتۇراقلاشقانلار،
بۇندا: تېنىمدە،
ئەي، ئەجدادلىرىم...

نېمىدېگەن سارغايغان-ھە، ئارمىنىڭلار،
غەزىنىلەردەك!
ھەم تاشلاندۇق ئىبادەتگاھتا

توزان باسقان جىنچىراقلاردەك
يۇزۇڭلار تىمتاس!

ھەمدە مەن...
ئۇلتۇرىمەن مۇگدەپ پىنھان چۆلۈڭلاردا
يارىلانغان بىر تۆگەڭلەردەك.
**(توردا ئېلان قىلىنغان)**

شائىرنىڭ بۇ يەردە ئەجدادلار دەۋاتقان كىشلەر بەلكىم ئۆزىنىڭ قانداشلىق ئەجدادلىرى بولۇشى مۇمكىن، بەلكىم ئۆزىنىڭ شېئىرىيەتتىكى ئەجدادلىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ شېئىرنى بۇ يەردە تولۇق كۆرسەتكىنىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، شائىرنىڭ مەزكۇر ئەسىرىدىن بىز بىر مەنە جەھەتتىكى پۈتۈنلۈكنى ھېس قىلالايمىز. شائىر ئەخمەتجان بۇ شېئىرىدا بىر مىتافورنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، بىر تۈركۈم ئىماگلارنى مەلۇم ئۇقۇملارغا سىمۋول قىلىپ بەلگىلەيدۇ. شۇ جەرياندا، ھەر خىل غەلىتە ئىماگلاردىن پايدىلىنىدۇ، مەسىلەن، كىرپىكلار ئارا ئۆتۈۋاتقان ئەجدادلار، توزان باسقان جىنچىراقلاردەك چىرايلار، چۆلدە مۈگدەپ ئولتۇرغان تۆگە. شۇ ئىماگلارنىڭ غەلىتىلىكى ئوقۇرمەننى قىزىقتۇرۇپ تۇرىدۇ، تەسەۋۋۇرنى غىدىقلايدۇ، ھەم ئۆزگىچىلىكى بىلەن تەسىرلەندۈرىدۇ.
گۇڭگا شېئىرلارنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىماگلارنىڭ قوللىنىلىشى. ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ساھىبجامالنى كىپىنەكتەك گۈزەل، باتۇرنى تۆمۈردەك كۈچلۈك دەپ تەسۋىرلىگەن بولسا، گۇڭگا شائىرلار تەتۈر تاناسىپ سۆزلەرنى تەڭ ئىشلىتىدۇ. مۇتەللىپ مەڭسۇرنىڭ «تاش چېچەكى» دېگەن شېئىرىدىن مىسال ئالايلى:

كۆيلەپ يۇرەر ئاخشامقى ھېسسىم،
ئۇستۇمدىكى قاقشال ئاسماندا.
يامغۇرلارنىڭ قالغان كۆيۈكى
ئېچىلماقتا ئەتىرگۈل بولۇپ
قەلبىمدىكى ئاپئاق تۇماندا.
**(«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1994- يىللىق 4- سان، 98- بەت)**

سۇ كۆيمەيدۇ، شۇنداقلا كۆيۈكى قالمايدۇ، لېكىن شائىر مۇتەللىپ يۇقىرىقى مىسرالاردا بۇ تەتۈر تاناسىپ ئىماگ بىلەن مەلۇم بىر رېئال نەرسە ئەمەس، بەلكى قەلبىمىزدىلا مەۋجۇت بولغان بىر ھېسسىياتنى يورۇتماقچى. بىز بۇ ئالاھىدىلىكى يەنە پەرھات تۇرسۇننىڭ 2004- يىللىق «چۆل

ئەپسۇنلىرى» دېگەن شېئىرىدىن كۆرەلەيمىز:

قايتىپ چىق تەپەككۇرنىڭ ۋەھىمىسىدىن
قايتىپ چىق زۇلمەتنىڭ تەسەللىسىدىن
...
قايتىپ چىق ئىبلىسنىڭ يۇرۇقلۇقىدىن
قايتىپ چىق تەڭرىنىڭ قاراڭغۇلىقىدىن
...
قايتىپ چىق ، سۆيگۈنىڭ تۇنجۇقتۇرىشىدىن
قايتىپ چىق ئازابنىڭ مەپتۇنلىقىدىن
**(ئېلان قىلىنمىغان)**

## 1.2: گۇڭگا شېئىرلارنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى

كۆپ ساندىكى گۇڭگا شېئىرلارنىڭ قاپيىداشلىقنى، بارماق ۋەزىن بىلەن ئارۇز ۋەزىننى چەتكە قېقىپ، چاچما، ئەركىن ئۇسلۇبدا يېزىلغانلىقى بىزگە مەلۇم. بىز بۇ ئەركىن شېئىر ئۇسلۇبىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كىرگەنلىكى توغرىلىق تۆۋەندە تەپسىلي توختىلىمىز. ھازىرچە بىز چاچما شېئىر شەكلىنىڭ گۇڭگا شېئىرىيەتتە ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان شېئىر شەكلى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالساقلا بولىدۇ. ئەمما، ئوسمان مەمەت ئۆز ماقالىسىدە كۆرسەتكەندەك، «ئەمەلىيەتتە گۇڭگا دېگەن سۆز كۆپرەك مەزمۇنغا كۆرە ئېيتىلغان بولسا، چاچما دېگەن سۆز كوپرەك شېئىرلارنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان.» (ئوسمان مەمەت 2008، 14- بەت) شۇنداق بولسىمۇ، چاچما شېئىر شەكلىنىڭ گۇڭگا شېئىرىيەتتە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر پاكىت. بىرىنچى تۇركۇم گۇڭگا شائىرلاردىن بىرى بولغان باتۇر روزىنىڭ «ئايسىز ئايدىڭ» دېگەن ۋەكىللىك شېئىرىدىن مىسال ئالايلى:

كۆردۈم
ئەسلىملەرنىڭ
قەبرىلەردىن پاناھ تىلەپ قاچقانلىقىنى؛
يالقۇنلۇق تاجىمنى تاشلىدىم بىر پەس،
قوۋۇرغىلار قورشاۋىدا يالىڭاچلاندىم
تۇتۇنلەردە لەيلەپ يۈرگەن ئۇچقۇنغا ئوخشاش؛
بارلىقىمنى سىلىپ تاشلىدىم،

قايتىپ كەلدىم ئوغۇز رەڭگىگە
ئايدىڭغا قوشۇلدۇم بىر تامچە سۈتتەك.
**(«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1993- يىللىق 1- سان، 23- بەت)**

ۋەھالەنكى، باتۇر روزىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى چاچما شېئىر بىلەن چەكلىنىپلا قالماي، ئارۇز- ۋەزىنلىك شېئىرلارنىمۇ ئىچىگە ئالىدۇ. شائىرنىڭ بەزى ئارۇزلۇق ئەسەرلىرىنىڭ تېما ۋە ئىماگلىرى بىر قەدەر ئەنئەنىۋىي بولسا، يەنە بەزىلىرى ئېنىقلا گۇڭگا ئېقىمغا تەۋە، مەسىلەن:

ئوغۇز رەڭلىك شىۋاقنىڭ ئوق غولىدا يورغىلاپ تىنمايدۇ بىر يول قان،
يوپۇق قايرىپ مازار قىسلاچلىرىدا سىلكىنىپ ئەسنەيدۇ بىر گۈلخان.
ئۆلۈمنىڭ شاخلىرىنى ئىرغىتىپ شەبنەملىنەر گەز باغلىغان لەۋلەر،
يۈرەك بايراقلىرىغا زىلزىلە تاشلاپ ئۆتەر تولغاقتىكى ھىجران.
**(«زاھىر ئابدۇراخمانغا»، «تارىم» ژۇرنىلى)**

گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ باشلامچىسى بولغان ئەخمەتجان ئوسماننىڭ كۆپ ساندىكى شېئىرلىرىمۇ يۇقىرىدا بېرىلگەن «ئەجدادلار» دېگەن شېئىرىدەك چاچما شەكىلدە يېزىلغا بولسىمۇ، ئەمما ئاز بىر قىسىم شېئىرلىرى ئەنئەنىۋىي ئارۇز-ۋەزىن ژانىرلىرىدا يېزىلغان. ئالايلۇق:

خۇدا...! قانداق مېنى بەردە چېچەكنىڭ كۆز يېشى قىلدىڭ،
كۆيۈك بوستاندا بۇلبۇلنى ھاياتىمنىڭ بېشى قىلدىڭ.
تېنىم — قۇملۇقتا يۈتكەن قوڭغۇراق غەمكىن جاراڭلايدۇ،
بىراق كارۋاننى چۈش كۆرگەن گۆرۈمنىڭ ياد تېشى قىلدىڭ.
**(«مۇناجات»، «تارىم» ژۇرنىلى 1991- يىللىق 8- سان، 42- بەت)**

دېمەك، گۇڭگا شېئىرلارنى ھەر قانداق شېئىر ژانىردا يازغىلى بولىدۇ. گۇڭگا شېئىرلارغا ئورتاق بولغان بىردىن بىر ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك دەل مۇشۇ ئەركىنلىكتۇر. شۇنداق بولسىمۇ، گۇڭگا شېئىرلارنىڭ زور كۆپ سانى چاچما سەكىلدە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، چاچما شەكىلنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەرەققىياتىنى گۇڭگا شېئىرلارنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان دېيىشكە بولىدۇ.

## 1.3: گۇڭگا شېئىرلارنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرلىرى مەزمۇن جەھەتتىن ھەر خىل تېمىلارنى ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، خۇددى شەكىل جەھەتتىن چاچما شەكىلنى مەركەز قىلغاندەك، گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن ئاساس قىلغان مەزمۇنى بارمۇ؟ گۇڭگا شېئىرىيەت ئۈستىدە ئىزدەنگەن ئۇيغۇر ئالىمى ئوسمان مەمەت ۋە گېرمان ئالىمى مايكال فرىيدرىخ ئىككىلىسى گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ ئۆزلۈكنى، يەنى «مەن»نى مەركەز قىلىشى ئۇشبۇ شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتتىن پەرقلىنىدىغان چوڭ ئالاھىدىلىكى دەپ قەيت قىلغان. (ئوسمان مەمەت 2008، 92ـ95- بەتلەر؛ فرىيدرىخ 2007، 97ـ100- بەتلەر) ئازادلىقتىن كېيىنكى باشقا شېئىرىيەت ئېقىملىرىغا قارىغاندا، 80- يىللار ئۇيغۇر شېئىرىيىتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزلۈك تېمىسىنى كۆپرەك گەۋدىلەندۈرگەنلىكى ئېنىق، شۇنداقلا ئۆزلۈك تېمىسىنى گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ بىر مەزمۇن ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، ئوسمان مەمەت بىلەن مايكال فرىيدرىخ بۇ نۇقتىنى ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىدىن پەرقلىق دەپ كۆرسەتكىنى مېنىڭچە بىرتەرەپلىمە كۆز قاراش. سەۋەب شۇكى، كلاسسىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۆزلۈك تېمىسى ئەمەلىيەتتە ئاز ئەمەس، ھەتتە كوللېكتىپ تېمىنى ئاز دېيىشكە بولىدۇ. پەقەت 20-، 30- يىللاردا سېۋېت تەرەپتىن شىنجاڭغا بارغانسېرى تېز سۈرەتتە كىرىۋاتقان، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى سېۋېتقا مايىل مەزگىللەردە قۇۋۋەتلىگەن سوتسىيالىزم ئىدىيىسى، ھەم 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ شىنجاڭغا ئوتتۇرا ئاسىيا، تۈركىيە ۋە روسىيە تەرەپتىن تارقالغان جەدىدچىلىك تەلىمىنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق تېما دائىرىسى ئىجتىمائىي، كوللېكتىپ تېمىلارغا يۈزلىنىشكە باشلىغان. ياش ئوبزورچى نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۆزىنىڭ «20- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات چۈشەنچىسىنىڭ ئۆزگىرىشى» دېگەن ماگىستىر دىسسېرتاتسىيىسىدە بۇ بۇرۇلۇشلارنى ناھايىتى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بەرگەن. نۇرمۇھەممەد ئەپەندى 1920- يىللاردىن باشلاپ تاكى ئازادلىققىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تېما بۇرۇلۇشىنى خۇلاسىلەپ مۇنداق يازغان:

> ئەدەبىيات بۇرۇنقى ئەپسانە، غايە ۋە ساماۋىي ئارزۇ-ئىستەكنى خىيال قىلىپلا تەشكىللىنىشتىن، ئېپسىلزادىلەرلا بەھرىلىنەلەيدىغان تۆرلىك ئورنىدىن ئاۋام ياشاۋاتقان قارا تۇپراققا، ئادەملەر ئارىسىغا قايتىپ كەلدى؛ تېمىلار سۇبيېكتىپ، ئومۇمىي، ھېسسىي، غۇۋا بولۇشتىن كونكرېت، ئېنىق، ئاددىي، نەق، ئوچۇق بولۇشقا يۈزلەندى؛ ئادەمنىڭ تەقدىرىگە، ئەل-خەلقنىڭ تەقدىرىگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلدى؛ ئەل-ئاۋامغا يۈزلەندى؛ ھەتتا ساۋاتسىز كىشىلەرمۇ ئاڭلاپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزگە تېگىشلىك نەپ، ئوزۇق، مەنىۋى لەززەت ئالالايدىغان بولدى.
>
> **(نۇرمۇھەممەد ئۆمەر 2009، 37ـ38- بەتلەر)**

دەرۋەقە، نۇرمۇھەممەد ئەپەندى ماقالىسىنىڭ شۇ بابىدا بۇ بۇرۇلۇشنى «ئۆزلۈك تۇيغۇسىنىڭ ئويغىنىشى»غا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ (31-32- بەت)، لېكىن مۇئەللىپ ئۆزلۈك دېگەن سۆزنى بۇ يەردە ئاساسەن كوللېكتىپ ئۆزلۈك، ئىجتىمائىي ئۆزلۈك دېگەن مەنىدە ئىشلەتكەن. دېمەك، گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ شەخس، تار مەنىدىكى ئۆزلۈك، ۋە ياكى «مەن»نى مەركىزىي تېما قىلىشى ئەمەلىيەتتە ئەنئەنىۋىي ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە يات ئەمەس، بەلكى 1920- يىللاردىن باشلىنىپ، شىڭ شىسەي ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىللەردە پۈتكۈل شىنجاڭدا كۈچىيىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى باشقۇران رايوندا ئاشۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن تا 80- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە رەسمىي ھۆكۈم سۈرگەن رېئالىست ئەدەبىياتقا يات دېيىشكە بولىدۇ. ئەلۋەتتە، رېئالىست ئەدەبىيات نەزەرىيىسى شىنجاڭ ھەر مىللەت ئەدەبىياتىدا ئۇزاق ۋاقىت دەۋر سۈرگەندىن كېيىن ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئەدەبىيات ئەنئەنىسى دېيىشكە بولىدۇ، ئەمما ئۇنى بىردىنبىر ئەنئەنە دېيىشكە خاتا. بۇ نۇقتىدا بىز ئىككىنچى بابتا تەپسىلىي توختىلىمىز. گەپنى يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ ئۆزلۈق تېمىسى ئۆزىنىڭ دەۋرىگە نىسبەتەن مەزمۇن ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ، ئەمما بۇ ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھەرگىز كۆرۈلۈپ باقمىغان ھادىسە ئەمەس.

## 1.4: گۇڭگا شېئىرلارنىڭ ھېسسيات ئالاھىدىلىكى بارمۇ؟

نۇرغۇن كىشىلەر گۇڭگا شېئىرىيەتنى ئاساسەن چۈشكۈنلۈك، بىنورماللىق، ئۈمىدسىزلىكنى كۈيلەيدىغان بىر ئېقىم دەپ چۈشىنىدۇ. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ باشقا ئېقىملىرىغا قارىغاندا، مۇنداق روھىي ھالەتلەر گۇڭگا شېئىرىيەتتە ھەقىقەتەن بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ئەھۋالنىڭ سەۋەبلىرى ھەر خىل بولۇشى مۇمكىن. گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دەۋرى بولۇپ، بۇ ئەركىن دەۋر بۇرۇن دېيىش ئىمكانىيىتى بولمىغان ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەشكە پۇرسەت ھازىرلاپ بەرگەن. سوتسىيالىستىك رېئالىزم جۇڭگو ئەدەبىياتىدا ھۆكۈم سۈرگەن ئوتتۇز يىلدەك مەزگىلدە، شائىر-يازغۇچىلار جەمئىيەت تەرىپىدىن سەلبىي دەپ قارالغان نۇرغۇن ھېسسىياتلارنى ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەشكە ئامالسىز بولغان. يازغۇچىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ئاممىنى كۈيلەش، ئاممىنىڭ دۈشمىنى دەپ تونۇلغان سىنىپىي دۈشمەنلەرنى قامچىلاش ئىدى. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئۇزاقتىن ئىپادىلەنمەي كەلگەن بۇ ھېسسىياتلار ئاخىرى دېيىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ئۇزۇن يىللار ماگما يىغىلىپ ياتقان ۋۇلقان پارتىلىغاندەك كۈچ بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. بۇ نۇقتىدا ئوسمان مەمەت قىسقىچە توختالغان: «گۇڭگا شېئىرلار بەلكىم مەدەنىيەت ئىنقىلابىدەك ئازابلىق يىللارنى باشتىن كەچۈرۈپمۇ يەنىلا يالغان مەدھىيە ۋە يالغان

خۇشـاللىقلارنى تەسۋىرلەشـتىن كـۆپ ئىلگىـرىلىيەلىمگەن نۇرغـۇن شـائىر ۋە شـېئىرلارغا كـۆرە مەيـدانغا كېلىـپ، كىشىلىرىمىزنىڭ ئازابلىق ھېسسـىياتلىرىنى سـەل كېچىكىـپ بولسـىمۇ ئەكس ئەتتۈردى.» (ئوسمان مەمەت 2008، 95- بەت)

تارىختىن بۇيان، ئاۋانگارت ئەدەبىياتنىڭ بىر فۇنكسىيىسى ئومۇملاشقان ئېقىملاردا يېتەرلىك يورۇتۇلمىغان بەزى تېمىلارغا ئەھمىيەت بېرىشتۇر. شۇ سەۋەبتىن، 80- يىللاردا مەيدانغا كەلگەن بىر ئاۋانگارت ئەدەبىيات ئېقىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ تەنھالىق، جەمئىيەتتىن چەتنەپ كېتىش، ئۆزىنى غەلىتە ھېس قىلىشتەك ھېسسىياتلارنى ئىپادىلىشى تەبىئىي. مۇنداق ھېسسىياتلار گۇڭگا شائىر پەرھات تۇرسۇننىڭ 90- يىللارنىڭ بېشىدا يازغان «يالماۋۇز ناخشىسى» دېگەن شېئىرىدە ناھايىتى روشەن كۆرۈلىدۇ:

قورقىمەن
خۇددى پىچاق بىلىگەندە چىققان ئاۋازدەك
ياكى شامالدا لەپىلدىگەن بايراق ئاۋازىدەك
قاغىغان ئۈندىن
قورقىمەن
تارىخنىڭ قاراڭغۇ جايلىرىدا سەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن
گاھىدا پەرياد قىلىمەن سەۋەبسىز
گاھىدا قاھ - قاھ كۈلىمەن سەۋەبسىز
**(ئېلان قىلىنمىغان)**

«يالماۋۇز ناخشىسى» دېگەن بۇ شېئىر چۈشكۈن، قورقۇنچلۇق ھېسسىياتلارغا تولغان، ھەم مۇنداق ھېسسىياتلار شائىر پەرھاتنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ. خېلى كۆپ باشقا گۇڭگا شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ شۇنداق. لېكىن جۇشقۇن ۋە خوشال تۇيغۇ بېرىدىغان گۇڭگا شېئىرلارمۇ ئاز ئەمەس. خەلق تەرىپىدىن ئەڭ قارشى ئېلىنىۋاتقان گۇڭگا شائىرلاردىن بىرى بولغان ئادىل تۇنىيازنىڭ كۆپ ساندىكى شېئىرلىرى ناھايىتى يەڭگىل، جۇشقۇن كەيپىياتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، بۇنى بىز شائىرنىڭ 1991- يىلى يازغان «پېۋە كۆپۈكى» دېگەن شېئىرىدىن كۆرەيلى:

چىرايلىقسەن كۆپۈكلۈك پىۋا،
چىرايلىقسەن مەيپۇرۇش موما.
ئۇچۇپ كەتمەك بولدى نېمىشقا
گۈل قېتىدەك يۇمران ئايالالار؟
دۇنيا نېچۈن بۇنچە يېقىملىق،
كەتماكچىدەك قىزغا ئايلىنىپ؟

(«بويتاق شائىرنىڭ مەخپىيتى»، 50ـ بەت)

لېكىن ئادىل تۇنىيازمۇ شېئىردا بىر خىللا كەيپىيات ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى كېرەك دېگەن قاراشقا قارشى، ھەم بۇ نۇقتىدىكى كۆز-قاراشنى يۇقىرىقى شېئىر بىلەن بىر يىلدا يېزىلغان بىر پارچە ماقالىسىدە مۇنداق ئىپادىلىگەن: «ئەپسۇسلىنارلىقى، بەزى شېئىرلىرىمىزدا غەمكىنلىك، بۇرۇقتۇرمىلىق، ياش ۋە ئىنتىزارلىق ئىپادىلىنىپ قالسا، كۆپلىگەن نەشر ئەپكارلىرى ‹بۇ غەرىبنىڭ ئىدىيىسى› دەپ سوغۇق مۇئامىلە تۇتتۇۋاتىدۇ، ئوبزورچىلار تەنقىدىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىۋاتىدۇ. ئەجەبا بۇ يەردىكى ئىنسانلار بىرلا ھېسسىيات قاچىلاپ قويۇلغان ماشىنا ئادەممۇ؟» (ئادىل تۇنىياز 2004، 107ـ بەت) بۇ سۆزلەردىن كۆرۈلەيمىزكى، ئادىل تۇنىياز ئۆز شېئىرلىرىدا خوشال ھېسسىياتلارنى كۆپرەك ئەكس ئەتتۈرسىمۇ، ئەمما، شائىرنىڭ گۇڭگا شېئىر ھەرىكىتى تازا قايىنىغان ۋاقىتىدا يازغان بۇ ماقالىسى شائىرلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە ھەر قانداق ھېس-تۇيغۇلارنى، بولۇپمۇ ئاتالمىش سەلبىي ھېس-تۇيغۇلارنى ئىپادىلەش ئەركىنلىكى، ھەتتا زۆرۈرلۈكىنى قوللىغان. بۇ پوزىتسىيە گۇڭگا شېئىرىيەت ھەرىكىتىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىيات ئالاھىدىلىكىنى تېپىشىمىزغا يىپ ئۇچى بولالايدۇ.

يۇقىرىدا كۆرستىلگەن سەۋەبلەر ئۈچۈن، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا قارىغاندا، چۈشكۈن ھەم غەلىتە ھېسسىياتلار گۇڭگا شېئىرىيەتتە كۆپرەك تېپىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مۇنداق ھېسسىياتلار ئىپادىلەنگەن گۇڭگا شېئىرلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى پەۋقۇلاددە قوزغاپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ گۇڭگا شېئىرىيەتكە بولغان چۈشەنچىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شېئىردا مەيلى قانداق ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن بولسا، گۇڭگا شېئىرلارنىڭ يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان سىمۋول-ئىماگ غەلىتىلىكى سەۋەبىدىن، بۇ شېئىرلارنىڭ كۆپ ئوقۇرمەنگە بېرىدىغان يۈزەكى تەسىرى غەلىتىلىك، بىنورماللىق، قاراڭغۇلۇق بولىدۇ. بەزى ئوقۇرمەنلەر بۇ تىل-ئىماگدىكى غەلىتىلىكنى ھېسسىيات غەلىتىلىكىگە ئوخشىتىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

ئەمما، نۇرغۇن گۇڭگا شېئىرلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھېسسىياتلار دەل ئەكسىچە، يەنى خوشال، يېنىك، كۆتۈرەڭگۈ ھېسسىياتلار. دېمەك، گۇڭگا شېئىرىيەتتە ئىزچىل ئىپادىلەنگەن ئالاھىدە بىر ھېسسىيات يوق. شۇنداق بولسىمۇ، يۇقىرىدا كۆرستىلگەن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، باشقا شېئىر ئېقىملىرىدا بىر قەدەر ئاز ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بەزى ھېس-تۇيغۇلارنىڭ گۇڭگا شېئىرىيەتتە كۆپرەك تېپىلىشى ئېنىق. شۇڭلاشقا گۇڭگا شېئىر ئېقىمىنىڭ ھېسسىيات ئالاھىدىلىكى بار دېيىلسە، بۇ ئالاھىدىلىك دەل ھەر قانداق ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەشكە كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىدىن ئىبارەت.

# ئىككىنچى باب: گۈڭگا شېئىرىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى

ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە دەسلەپكى تەرەققىياتى جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دەۋرىگە زىچ باغلانغان. بۇ شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ 1980- يىللاردا ئۇيغۇرلاردا بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بۈگۈنكى زامان جۇڭگو تارىخىدىكى بۇ مۇھىم ئۆتكۈنچى دەۋرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا، شۇنداقلا دەۋرداش خەنزۇ ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىدە تەپسىلي توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئەدەبىياتىدە زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشكە باشلىغان. ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىگە نىسبەتەن، بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئىككى خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى خىلدىكى ئۆزگىرىشلەر ئاساسەن ئىجتىمائيي ئۆزگىرىش بولۇپ، شۇ دەۋردە ياشىغان جۇڭگولۇقلارنىڭ يېڭىدىن بەھرىمەن بولغان نۇرغۇن ئەركىنلىكلەر ۋە پۇرسەتلەرنى ئىچىگە ئالىدۇ، مەسىلەن چەت ئەلدە ئوقۇش ياكى سالون تەشكىللەش. ئىككىنچى خىلدىكى ئۆزگىرىشلەر ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئالدىنقى ئىجتىمائيي ئۆزگىرىشلەرگە زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەدەبىياتتىكى يېڭى ئېقىملار بىلەن ئۈچرىشىش، يېڭى ژۇرناللاردا ئەسەر ئېلان قىلىشتەك ئۆزگىرىشلەر تېگىدىن ئېيتقاندا چەتتە ئوقۇپ كەلگەن ياشلار ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئىدىيىلەر، تەشكىللىنىش ئەركىنلىكى ئېلىپ كەلگەن يېڭىچە ئىجتىمائيي مۇناسىۋەتلەرنىڭ نەتىجىسى. شۇنداق بولسىمۇ، قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن مەن ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دەۋرىدىكى تەرەققىياتلارنىڭ ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىگە بولغان تەسىرىنى يۇقىرىدىكى ئىككى كاتېگورىيىگە بۆلۈپ تەھلىل قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىز تۆۋەندە گۇڭگا شېئىر ئېقىمىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئىجتىمائيي ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىرىنچى پارىگرافتا، ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئىككىنچى پارىگرافتا ئايرىم سۆزلەپ ئۆتىمىز.

ئەمما، ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىنىڭ 1980- يىللاردا بارلىققا كېلىشى پەقەت ئۇشبۇ ئېقىمنىڭ يېقىنقى تارىخى خالاس. ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتى ئۆز ۋاقتىدا ئاۋانگارت ئېقىم ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ھەر قانداق ئېقىمنىڭ يەر ئاستىدىكى يىلتىزى ئۇزۇن بولىدۇ. ئەنئەنىنى ئىسلاھ قىلغان بىر ئېقىم يەنىلا ئەنئەنە ئۈستىدە قۇرۇلسا، ئەنئەنىگە قارشى چىققان بىر ئېقىممۇ ئەنئەنە بىلەن دىئالوگ قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر ئەنئەنىگە جەڭ قىلغان بىر ئېقىم دائىم باشقا ئەنئەنىلەردىن ئۆگىنىدۇ، ياكى ئۆزىنىڭ ئەسلى ئەنئەنىۋي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىدۇ.

مەزكۇر بابنىڭ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى پارىگرافلار دەل مۇشۇ مۇرەككەپ ئەھۋاللارنى مەركەز قىلىدۇ. ئۈچىنچى پارىگرافتا، ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى، يەنى ئۇنىڭ چوڭقۇر يىلتىزى ۋە تارىخى ئانالىز قىلىدۇ. سېۋىت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، چاغاتاي

ئەدەبىياتى، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ گۇڭگا شېئىرىيەتكە بولغان مۇناسىۋىتى تەپسىلىي سۆزلىنىدۇ. تۆتىنچى پارىگرافتا، بۇ يىراق تارىخىي مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى بەس مۇنازىرىلەر يىغىنچاقلاپ چۈشەندۈرۈلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ مۇنازىرىلەرگە تۈرتكە بولغان ئىجتىمائىي يۆنىلىشلەر توغرىلىق بەزى پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

## 2.1: گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي ئامىللار

ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتى يېڭىچە ئەدەبىيات ئېقىملىرىغا بىر نەچچە جەھەتتىن ئىجتىمائىي شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. بىرىنچىدىن، ئۆرلەپ ئوقۇش پۇرسىتىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بېيجىڭ ۋە ياكى چەت ئەلدە ئوقۇپ كېلىش پۇرستى ئەسلىگە كەلدى ھەم كۆپەيگەن. ئىككىنچىدىن، تەشكىللىنىش ئەركىنلىكى كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۇيۇشما، كۇرۇژۇك ۋە ئەنجۇمەن قۇرۇشى كۆپ ئاسانلاشتى. مۇنداق ئىجتىمائىي سورۇنلارنىڭ كۆپىيىشى يېڭى پىكىر ۋە ئېقىملارنىڭ تارقىلىشىدا غايەت زور رول ئوينىغان.

<u>1) يېڭى ئوقۇش پۇرسەتلىرىنىڭ رولى</u>

ئەمما 80- يىللاردىن باشلاپلا بەزى تەلەيلىك ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى چەتتە ئوقۇپ كېلىش پۇرستىگە ئىگە بولغان، ھەم بۇ ئوقۇپ كەلگەن ياشلار گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا ئالاھىدە رول ئوينىغان. ئەلۋەتتە، بۇ تۈركۈم ياشلارنىڭ ئىچىدە گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا ئەڭ مۇھىم رول ئوينىغىنى ئەخمەتجان ئوسمان. بۇ مۇھىم شائىر 1982- يىلى مۇكاپات پۇلىغا ئېرىشىپ سۈرىيەدىكى دىمەشق ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇشقا چىققان. ئۇ سۈرىيەدىكى ۋاقتىدا ئەرەب ئەدەبىياتى كەسپىدە باكلاۋىر، ماگىستىرلىق ئۇنۋانلىرىنى ئېلىپ، ئەرەب تىلىنى شۇ قەدەر مۇكەممەل ئۆگەنگەنكى، ئۇ ئەرەب تىلىدا شېئىرلار يېزىشقا باشلاپ، سۈرىيەنىڭ بەزى پىشقەدەم ئەدىبلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان.

ئەخمەتجان ئوسمان 80- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يازلىق كانىكالدا شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ، سۈرىيەدە ئۇچراتقان مودېرنىزم ئەدەبىيات ئېقىملىرىنى، ئۆزىنىڭ شۇ ئېقىملارنىڭ تەسىرىدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ يازغان بەزى شېئىرلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلاپ، چوڭ زىلزىلە قوزغىغان. ئەخمەتجاننىڭ 1986- يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ سىناق نۇسخىسىدا ئېلان قىلىنغان بىر نەچچە پارچە مودېرنىزم شېئىرى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ باشلىنىشى دەپ قارىلىپ كەلگەن. لېكىن ئەخمەتجان باشلامچىلىق قىلىپ كەلگەن بۇ

ئېقىم قانچە ئاۋۇسا، ئۇلارنىڭ ئۇچرىغان قارشىلىقى شۇنچە كۈچلۈك بولغان، بۇنى بىز تۆۋەندە كۆرىمىز.

2) ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دەۋرىدىكى يېڭىچە سورۇنلار ۋە گۇڭگا شېئىرىيەت

ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، 80- يىللاردا جۇڭگونىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك مەدەنىيەت قىزغىنلىقى ئەۋج ئالغان، ئۇنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئەدەبىيات قىزغىنلىقىدۇر. 70- يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 80- يىللارنىڭ باشلىرىدا، بېيجىڭدىكى بىر تۈركۈم ياش ئەدەبىياتچىلار ئەدەبىيات مۇھاكىمە كورۇژوكلىرىنى قۇرۇشقا باشلىغان، بۇ كورۇژوكلار تەدرىجىي ھالدا فرانسۇز تىلىدىن كىرگەن «سالون» (خەنزۇچە 沙龙) دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان ھەمدە جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىغا ئۈلگە بولغان. ئەدەبىيات قىزغىنلىقىنىڭ كۈچىيىشى، ئالىي مائارىپنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇنداق سالونلار كۆپەيدى ھەم ھەر خىللاشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شېئىرىيەت بىر قەدەر مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولۇپ، خېلى كۆپ ئەدەبىيات سالونلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلانغاچقا، بۇ سالون-كورۇژوكلار يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

مەزكۇر پارىگرافتا، ئەينى ۋاقىتتىكى سالون-كورۇژوكلارنىڭ گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. بۇ يەردە مەن سالونلارنى تەشكىللىگەن، ئۇلارغا يازغۇچى ياكى ھەۋەسكار سۈپىتىدە قاتناشقان ئادەملەرنى زىيارەت قىلىشنى ئاساسلىق مەنبە قىلدىم. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ مەزگىلدىكى سالونلاردىن ھازىرغىچە قېپقالغان يازما ماتېرىيالنىڭ ناھايىتى كەملىكىدۇر. مەن شۇ يىللاردا «قەشقەر ئەدەبىياتى» بىلەن «تەڭرى تاغ» ژۇرناللىرىدا سالونلار ئۈچۈن مەخسۇس ئېچىلغان سەھىپىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ زىيارەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى مۇمكىنقەدەر جەزملەشتۈرگەن، لېكىن، بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، تېخىمۇ كۆپ يازما ھەم ئاغزاكى مەنبەلەردىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ سەۋەبدىن مەن مەزكۇر پارىگرافنى بىر دەسلەپكى ئىزدىنىش سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارنىڭ بۇ تېمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شۇ ۋاقىتتا ئاتالمىش يېڭى شېئىرىيەت بىلەن ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەزى تالاش-تارتىشلار پەيدا بولغان، بۇ زىددىيەتلەر مەلۇم دەرىجىدە ئەۋلاد تۇيسىنى ئېلىپ، كونا ئەدەبىياتنى ياقلايدىغان چوڭلار، يېڭى ئەدەبىياتقا ئىنتىلىدىغان ياشلار ئارىسىدىكى مۇنازىرىگە ئايلانغان. چوڭلار بولسا، ياشلارنى ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنى بۇزۇپ، خەلق چۈشەنمەيدىغان شېئىرلار يازماقچى دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ياشلار بولسا، ئەنئەنە دېگەن ئەزەلدىن ئۆزگىرىپ

كەلگەن بىر نەرسە، بۇرۇن يېڭى ياكى ئەنئەنىگە زىت دەپ قارالغان بەزى نەرسىلەر ھازىر ئاللىقاچان ئەنئەنىگە ئايلىنىپ بولغان دەپ قارىغان.

شۇ چاغلاردا ئۇيغۇر شائىرلىرى ئۆز شېئىرلىرىنى رادىئو-تېلېۋىزىيىدا ئوقۇيتتى، بەزىدە ئۆزلىرىنىڭ شېئىر ئوقۇش كېچىلىكلىرىنى ئورۇنلاشتۇراتتى. مۇناسىۋەتلىك تېمىلاردا گېزىت-ژۇرناللاردا، رادىئو-تېلېۋىزىيىدە بەس-مۇنازىرىلەر بولغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ تېمىلار توغرىلىق چوڭراق سورۇنلاردا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بەزى مۇنتىزىم ئەدەبىيات سورۇنلىرىمۇ ئېچىلغان. شۇ ۋاقىتتا بۇ ئىشلارغا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ناھايىتى قىزىقىپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەرنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسى يېتىشمىگەنلىكىدىن، بۇ مۇنازىرىلەرگە تۈرتكە بولۇۋاتقان خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان ۋە چەت ئەل تىللىرىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىۋاتقان ئەسەرلەر بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشالماي، پەقەت ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىۋاتقان ئاز ساندىكى ئەسەرلەر ھەم ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىلا كۆرەلەيتتى. ئۇلارنىڭ بۇ مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى چوڭقۇرراق چۈشىنىپ، مۇشۇ مۇنازىرىگە ئىشتىراك قىلىۋاتقان يازغۇچىلار بىلەن پاراڭلاشقۇسى كەلگەن. ھەۋەسكارلارنىڭ بۇ قىزىقىشى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى يازغۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقى نەتىجىسىدە، ئەدەبىيات سالون-كورۇژوكلىرى ئۇيۇشتۇرۇلغان. بېيجىڭدا باشلانغان بۇ مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىدا، بېيجىڭدە ئوقۇپ كەلگەن بىر تۈركۈم ياشلار مۇھىم رول ئوينىغان، بۇ توغرىسىدا تۆۋەندە بىر تەپسىلىي توختىلىمىز.

3) ئەدەبىيات سالون-كورۇژوركلىرىنىڭ شىنجاڭدا تەرەققىي قىلىشى

(«سالون»دىن ئىبارەت بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئومۇملاشقان سۆز، ئەمما بەزى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بۇ سورۇنلارنى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەنجۈمەن» دەپ ئاتاشنى توغرا تاپقان. «ئەنجۈمەن» دېگەن سۆز پارس تىلىدا ئۇيۇشما، گۇرۇھ دېگەن مەنە بېرىدۇ. مەيلى قانداق نام بىلەن ئاتالسۇن، سالوندىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي ھادىسىنىڭ بېيجىڭدە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، سالون تەشكىللەش قىزغىنلىقى شىنجاڭغىمۇ تارقالغان ھەم بۇ كۆپ مىللەتلىك رايوندا ئۆزگىچە يوسۇندا روناق تاپقان. 1980- يىللاردا ھەر مىللەت ياش ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىدىن تەركىب تاپقان «星星» (يۇلتۇزلار) دېگەن بىر شېئىرىيەت كورۇژوكى شىنجاڭدا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ كورۇژوكتا ياش شائىرلار ئۆز شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلاتتى، بىر-بىرىسىنىڭ شېئىرلىرىنى ئاڭلاپ باھالايتتى. ئۇنىڭ توختاپ قېلىشىدىكى سەۋەبلىرى ئىچىدە، كىشىلەرنىڭ ئالدىراش بولۇپ كېتىشى ھەم كورۇژوكنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئورۇن تاپالمىغانلىقى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

تەڭرى تاغ پەرزەنتلىرى شېئىرىيەت ئۇيۇشمىسىنى (تەڭرى تاغ ئىجادىيەت كورۇژوكى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۇيغۇر ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ئورۇنلاشتۇرغان تۇنجى مۇستەقىل ئەدەبىيات سالونى

بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرى 1980- يىللارنىڭ بېشىدا مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرغان. شۇ كورۇژوكقا كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر يازغۇچىلار لېكسىيە بېرىش ياكى شېئىر ئوقۇشقا تەكلىپ قىلىناتتى. شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ بوغدا چېچەكلىرى دېگەن بىر سالونىمۇ بولغان.

تەڭرى تاغ پەرزەنتلىرىنىڭ بەزى شېئىرلىرى تارىم ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندا، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتوتىدا ئوقۇۋاتقان بىر قىسىم ياشلار ئۇنىڭ تەسىرىدە ئۆز مەكتىپىدىن رۇخسەت ئېلىپ، «ئۈمىد ئىجادىيەت كورۇژوكى»نى ئۇيۇشتۇرغان. ئۇلار پىشقەدەم شائىرلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ئۇلارنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا تاپشۇراتتى. شۇ شېئىرلارنىڭ ئىچىدىن ياخشىراق شېئىرلارنى تاللاپ، «قەشقەر ئەدەبىياتى»نىڭ مەخسۇس سەھىپىسىدە ئېلان قىلاتتى. 1986- يىلى باتۇر روزى ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ساۋاقداشلىرى بىلەن قەشقەرگە پراكتىكىغا بارغان، شۇ چاغدا ئۈرۈمچى سىنىپى قەشقەرلىك باللار بىلەن بەسلىشىپ شېئىر ئوقۇغان.

شۇ ۋاقىتتا مۇشۇنداق ئەدەبىيات كورۇژوكلىرى ھەتتا بەزى ئوتتۇرا مەكتەپلەردىمۇ ئېچىلغان. تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىدە «غۇنچە ئەدەبىيات كورۇژوكى» ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ كورۇژوكنىڭ ئىشتىراكچىلىرى ئۆزلىرى بىر ژۇرنال چىقىراتتى. مۇشۇنداق سورۇنلارغا بىر ئوقۇتقۇچى مەسئۇل بولاتتى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەدەبىيات قىزغىنلىقى شىنجاڭدا تەخمىنەن 1995- يىلغىچە داۋاملاشقان. 1996- يىلى، 1997- يىلىدىن كېيىن، بازار ئىگىلىكى ئەۋج ئېلىپ، ئادەملەر ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى قوغلىشىپ، مەنىۋىي نەرسىلەرگە بۇرۇنقىدەك ئېتىبار بېرەلمىگەن. نەشرىياتلارمۇ ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى قوغلىشىپ ئەدەبىي ئەسەرلەرگە كۆپ ئەھمىيەت بەرمەس بولۇپ كېتىپ، ئالىي مەكتەپ مائارىپىمۇ بىر قەدەر بازارلىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنى كەلگۈسىدىكى خىزمەت تېپىش رىقابىتى ئۈچۈن تەربىيىلەيدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن.

شۇنداقتىمۇ، بۇ خىل پائالىيەتلەر كېيىنچە باشقا خىل شەكىللەردە قىسمەن داۋاملاشقان. مەسىلەن تەڭرى تاغ ژۇرنىلى باشلىغان، ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى باشقۇرۇۋاتقان خان تەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى ھەر يىلى نۆۋەت بويىچە ھەر قايسى يۇرتلاردىكى ئەدەبىيات ژۇرناللىرىنىڭ ساھىبخانلىقىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. بۇ پائالىيەتلەردە مۇكاپاتلاش، ماقالە ئوقۇش ۋە مۇنازىرە پائالىيىتى بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردا ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان قىلىنۋېتىلدى.

ئەدەبىيات قىزغىنلىقى ئەۋج ئالغان يىللاردا، تارىم ژۇرنىلى ھەر يىلى 10 كۈن، 15 كۈن ئەتراپىدا ھەر قايسى يۇرتلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئاپتورلىرىنى ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارغا ياتاق تاماقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياشلار ئۈچۈن كۇرس ئاچاتتى. بۇ يىلدا بىر قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت تەخمىنەن 80- يىللارنىڭ ئاخىرىدىن 90- يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە

داۋاملاشقان. بۇ پائالىيەتنىڭ توختاپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى شۇكى، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئالدىراش بولۇپ كەتكىنى، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادقا بەكرەك كۆز تىككەنلىكى.

ئەدەبىيات سالونلىرىنىڭ يەنە بىر داۋامى توردىكى مۇنبەرلەردۇر. ئۇيغۇر تورلىرى سالونلارنىڭ پەقەت قۇيرۇقلىرىلا قالغان ۋاقتىدا تازا راۋاج تاپقاندىن كېيىن، تورنىڭ ئومۇملىششىنى سالونلارنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئۇلارنىڭ ئازلاپ قېلىشىغا چوڭ سەۋەب بولغان دېيىشكە بولمايدۇ. ئەمما تورنىڭ سالونلار ئۇزۇن ۋاقىت ئويناپ، ئەمدى ئوينيالماي قالغان رولىنى مەلۇم دەرىجىدە ئوينىغانلىقى ئېنىق. توردا قەلەمكەشلەر بىلەن ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى بىۋاستە پىكىر ئالماشتۇرالمايدۇ. توردىكى ئەدەبىيات مۇنبىرى گەرچە تاشقي شەكىل جەھەتتىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئەدەبىيات سالونلىرىدىن خېلى پەرقلەنسىمۇ، ئەمما شۇ تورلارنى يەنىلا سالونلارنىڭ بىر خىل داۋامى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

4) نەنمېن كىنوخانىسىدىكى سالون: شىنجاڭدىكى بىر ئەنجۇمەن ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

90- يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىدىكى نەنمېن خەلق كىنوخانىسىدا بىر ئەدەبىيات سالونى ئېچىلىپ نەچچە ئاي داۋاملاشقان. بۇ سالوننىڭ داۋاملاشقان ۋاقتى ئۇزۇن بولمىسىمۇ، ئەمما شۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات سالونلىرىغا خېلى ۋەكىللىك قىلالايدۇ. بۇ سالونغا دەسلەپتە كۆپ ئادەملەر قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىر قەدەر كۆپ بولغان، جەمئىيەتتىكى ئادەملەر بۇ سالوندىن خەۋەرسىز قالغانلىقىدىن نىسبەتەن ئاز قاتناشقان. بۇ سالونغا قاتناشقانلارنىڭ ئىچىدە ھازىر كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچىلارنىڭ ئىچىدە ئەخمەتجان ئوسمان، باتۇر روزى، پەرھات تۇرسۇن، ئابدۇقادىر جالالىدىن، يالقۇن روزى، قاتارلىقلارمۇ بولغان. ھەتتا بۇ سالونغا زاھىر بۇرھانىدەك بەزى نوپۇزلۇق كومپوزىتورلارمۇ قاتناشقان، ئۇلارمۇ شېئىرىيەتكە قىزىقاتتى. زالنىڭ كىچىكلىكى تۈپەيلىدىن، بىر ۋاقىتتا كۆپ بولغاندا 100دەك ئادەم قاتنىشالىغان.

ھەر قېتىمقى سالون ئاخىرلىشاي دەپ قالغان ۋاقىتتا رىياسەتچى كېلەركى سالوندا كىمنىڭ نېمە تېمىدا سۆزلىگۈسى بارلىقىنى سوراپ ئاندىن كېلەركى سالوننىڭ ۋاقىت جەدۋىلىنى بېكىتىدىكەن. لېكسىيە سۆزلىگۈچى ياكى ئەسەر دېكلاماتسىيە قىلغۇچى مەخسۇس تېمىدا سۆزلىگەندە دوسكىنىڭ ئالدىغا چىقىپ سۆزلەيدۇ، سوئال سورىغۇچىلار بولسا، ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ سۆزلىسىمۇ بولىدۇ. بەزىدە، رىياسەتچى سالوننىڭ بېشىدا بىر ئادەمنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، شۇ ئادەم كۆپچىلىك ئالدىغا چىقىپ سۆزلەيدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئەركىن پاراڭ بولىدۇ. بىرەرسى ئۆز ئەسىرىنى ئوقۇپ بەرسە، سالوندىكىلەر ئۇنىڭغا پىكىر ھەم تەنقىد بېرىدۇ.

شۇ تىڭ (舒婷)، بەي داۋ (北岛) قاتارلىق خەنزۇ گۇڭگا (خەنزۇچە 朦胧) شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ھەمدە ئاشۇ شائىرلار بىلەن كونا ئەدەبىياتچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشلار

چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن. بودلېر، ت. س. ئېلىئوت قاتارلىق غەرب مودېرنىزم ۋەكىللىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرىمۇ تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. بابا رەھىم مەشرەپ، ئەلىشىر نەۋائىي ۋەكىللىكىدىكى تۈرك تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى بىلەن غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى بەزى ئورتاقلىقلار، بەزى پەرقلەر تەھلىل قىلىنغان. دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى يۈزلىنىشلىرى، ھەر قايسى ئېقىملار، بۈگۈنكى يازغۇچىلار، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى، مەۋجۇدىيەت پەلسەپىسىدىن تارتىپ دەررىدانىڭ تەلىماتىغىچە بولغان ھەر خىل پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر ۋە باشقا تېمىلار توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلىنغان. بەزىدە كەسكىن مۇنازىرىلەر بولغان. گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ بەزى ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرى قاتناشقان، چۈشەنمىگەن مىسرالار بولسا باشقىلار يازغۇچىدىن ئۇنىڭ مەنىسىنى سورايدىكەن.

ئابدۇقادىر جالالىدىن ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بەزى ئورتاقلىقلار ئۈستىدە سۆزلىسە، يالقۇن روزى كلاسسىك ئەدەبىياتتىن بەزى ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرىدىكەن. ئەخمەتجان ئوسمان ئۆزىنىڭ بەزى شېئىرلار ۋە ھېكايىلىرىنى ئوقۇپ بەرسە، پەرھات تۇرسۇن ئۆزىنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، پسىخىك ئانالىزنى تونۇشتۇرىدىكەن.

بۇ سالوننىڭ شۇ چاغدىكى باشقا سالون-كۇرۇژوكلاردىن پەرقلىنىدىغان بىر يېرى شۇكى: سالون بىر قەدەر ئەركىن بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەممە ئادەم ئۆزى خالىغان سوئاللارنى سورىيالايتتى. بۇ سالوننىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ سالون يۇقىرىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولماستىن، بەلكى ياشلار ئۆزلىرىنىڭ قىزغىنلىقى بىلەن يۇقىرىدىن رۇخسەت ئېلىپ، تەبئىي ھالدا ئۇيۇشقان.

سالوننىڭ قانچىلىك ۋاقىت داۋاملاشقانلىقى ھەققىدە كىشلەرنىڭ ئەسلىگىنى ئوخشىمايدۇ. بەزىلىرى ئىككى-ئۈچ ئاي دەيدۇ، بەزىلىرى بەش ئاي دەيدۇ، بەزىلىرى تېخىمۇ ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشقان دەپ تۇرۇۋالىدۇ. بۇنىڭغا ئائىت يازما ماتېرىياللار كەمچىل بولغانلىقىدىن، بۇ مەسىلىنى ئېنىقلىماق تەس، لېكىن كۆپ ساندىكى قاتناشقۇچىلارنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، سالوننىڭ داۋاملاشقان ۋاقتى ئېھتىمال بەش ئايدىن ئاشمىغان.

سالونغا قاتناشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ ۋاقىتتا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار بولغان، بەزىلىرى ئۆز ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، باشقا قاتناشقانلاردىن پىكىر ئالغان بولسا، يەنە بەزىلىرى ئولتۇرۇپ باشقىلارنىڭ گېپىنى تىڭشىغان. بۇنداق مەدەنىيەت ھادىسىنىڭ جەمئىيەتكە بولغان تەسىرىنى مۆلچەرلىمەك ھامان ناھايىتى تەس بولىدۇ، لېكىن سالونغا قاتناشقان خېلى كۆپ ئادەملەرنىڭ سالونلاردا دېيىلگەن گەپلەرنى ھازىرغىچە << ئەينى ۋاقىتتا شۇنداق دېگەن ئىدىڭ! >> دەپ ئەسلەپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، تەسىرى خېلى چوڭقۇر بولغان دېيىشكە بولىدۇ.

## 2.2: گۈڭگا شېئىرىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ئەدەبىي ئامىللار

بىرىنچىدىن، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ كۆپلىگەن مودېرنىزم ئەسەرلىرى خەنزۇ تىلى، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىغان، ھەم شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەنزۇ شېئىرىيىتىدە گۈڭگا شېئىرىيەت ئېقىمى بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان. ئىككىنچىدىن، نەشرىياتلار ۋە ئەپكارلارغا بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپ ئەركىنلىك بېرىلگەن بولۇپ، ھەر خىل ئېقىملارنىڭ سەھىپە يۈزىدىن ئورۇن ئېلىشى كۆپ ئاسانلاشقان. ئۈچىنچىدىن، ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئاسانلاشتۇرۇلغان بولۇپ، يېڭىچە ئەدەبىيات ئېقىملىرىنىڭ ھەر خىل سالون-كۇرۇژوكلاردا تەرەققىي قىلدۇرۇلۇش ۋە ئاممىغا تونۇشتۇرۇلۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان.

1) نەشرىياتلار ۋە ئەپكارلارنىڭ رولى

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى گۈڭگا شېئىرلارنىڭ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىگە سورۇن ھازىرلاپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئېقىمنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە ئېتىراپ قىلىنىشىغىمۇ زور مەدەت بەرگەن. مەسىلەن، 1987- يىلى 12- ئاينىڭ 12- كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ قۇرۇلغىنىغا ئىككى يىل، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنغىنىغا بىر يىل بولغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ھەم يىلدا بىر قېتىم تارقىتىلىدىغان «تەڭرىتاغ ئەدەبىياتى مۇكاپاتى»نى تارقىتىش ئۈچۈن ئېچىلغان بىر يىغىندا، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىياتچىلار-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قېيۇم تۇردى ««تەنرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ بۆسۈش خاراكتېرلىك ياخشى ئەسەرلى ئېلان قىلغانلىقىغا يۇقىرى باھا بەردى.» («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1988- يىللىق 1- سان، 69—68- بەتلەر) بۇ يىغىندا «تەڭرىتاغ ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» بېرىلگەن بەدىئىي ئەسەلەر ئىچىدە ئەخمەتجان ئوسماننىڭ گۈڭگا شېئىرىيەتنىڭ سىمۋولىغا ئايلىغانغان «خائىن تاغلار» دېگەڭ شېئىرى بار ئىدى. («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1987- يىللىق 4- سان، ئىچكى مۇقاۋىدە) دېمەك، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى سىناق ساندىن باشلاپلا نوپۇزلۇق، پىشقەدەم ئەدىپلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ياشلارنىڭ ئاۋانگارت ئەسەرلىرى بىلەن بىر ژۇرنالدا تەڭ باسقانلىقى ئىككى يىل ئىچىدىلا ئەخمەتجان ئوسمان ۋەكىللىك قىلىدىغان يېڭىلىكپەرۋەر ياشلارنىڭ قېيۇم تۇردى، ئەدەبىياتچىلار-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋەكىللىك قىلىدىغان نوپۇزلۇقلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشىنى كۆپ ئىلگىرى سۈرگەن.

2) خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ رولى

ئۇيغۇرلاردىكى گۇڭگا شېئىرىيەت ئۇچرىغان يەنە بىر تەسىر -1970 يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ تەرەققىي قىلىپ كەلگەن خەنزۇ تىلىدىكى گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمى. خەيزى، بېيداۋ قاتارلىق مەشھۇر خەنزۇ شائىرلىرى ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ ئېقىممۇ غەرب مودېرنىزم ئەسەرلىرىنىڭ زور تەسىرىگە ئۇچرىغان. شۇ سەۋەبتىن، خەنزۇ گۇڭگا شېئىرىيىتىنى غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنى ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىگە يەتكۈزگەن كۆۋرۈكلەرنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئەلۋەتتە، خەنزۇ گۇڭگا شائىرلىرى غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىن ئىلھام ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بۇ تەرسىلەرنى ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان بەزى ئالاھىدىلىكلەر ۋە خەنزۇ ئەدەبىياتىغا خاس بەزى ئەنئەنىلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈۋەتكەن. شۇڭلاشقا، خەنزۇ گۇڭگا شېئىرىيىتى ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىگە نىسبەتەن كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىيالا قالماي، ئۇ يەنە ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تونۇشتۇرغان. ئەمما، خەنزۇ گۇڭگا شېئىرىيىتىنىڭ ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىگە كۆرسەتكەن بىۋاستە تەسىرىنى چەكلىك دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ، بۇ نۇقتىدا بىز تۆۋەندە توختىلىمىز.

1988- يىلى، يەنى ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمى توغرىسىدىكى بەس مۇنازىرىلەر تازا قايىنىغان ۋاقىتتىن باشلاپ، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى خەنزۇ شائىرلارنىڭ گۇڭگا شېئىرلىرىنى، شۇنداقلا خەنزۇ شائىر-ئوبزورچىلارنىڭ خەنزۇ گۇڭگا شېئىر ھەرىكىتى توغرىسىدىكى ماقالىلەر ۋە سۆھبەت خاتىرىلىرىنى ئۇيغۇر تىلى تەرجىمىسىدە ئېلان قىلىشقا باشلىغان. بۇ تەرجىمىلەر ئاساسەن ئۇيغۇر گۇڭگا شائىرلىرى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن، ھەم بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇلغانلىقى ئىككى رول ئوينىغان. بىرىنچى رولى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە شېئىرىي ئۈزۈق، ئۇيغۇر شائىرلارغا يېڭىچە ئىلھاملار بېرىش بولسا، ئىككىنچى رول گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا ئاللىقاچان بىر قەدەر ئېتىراپ قىلىنىپ بولغانلىقى، بۇ ئېقىمنىڭ شېئىرىيەت ساھەسىدىن ئۆزىگە چۇشلۇك ئورۇن تۇتۇشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش. ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر گۇڭگا شائىر پەرھات ئىلياس تەرجىمە قىلغان شۇتىڭ شېئىرلىرىنى «تەڭرىتاغ»نىڭ 1988- يىللىق 5- سانىدا كۆرگەندە (66ـ68- بەتلەر)، ئۇلار گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ جۇڭگو ئىچىدە ئاللىقاچان خېلى كەڭ تارقالغانلىقىنى ھېس قىلالايتتى. خەنزۇ گۇڭگا شېئىر ھەرىكىتىگە ئالاقىدار ماقالىلەر ۋە زىيارەتلەرمۇ شۇنداق روللار ئوينىغان. پولات ھېۋزۇللا 1988- يىلى تەرجىمە قىلىپ «تەڭرىتاغ»نىڭ ئۈچ سانىغا بۆلۈپ ئېلان قىلغان ئىككى خەنزۇ يازغۇچىنىڭ سۆھبەت خاتىرىسىدە مۇنداق كۆز-قاراشلار ئۇچرايدۇ: «‹غۇۋا شېئىرلار› ھەققىدىكى مۇنازىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئانچە نورمال بولماسلىقتىن بىر ئاز نورماللىققا ئۆتتۈشى، بەزى شائىرلارنىڭ ‹نوپۇزلۇقلار› تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنىشتىن كەڭ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشقا ئۆتتۈشى بىر خىل ئىلگىرىلەشنى كۆرسىتىدۇ.» («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1988- يىللىق 1ـ سان، 88- بەت) قۇربان باراتنەك نوپۇزلۇق شائىرلار تەرىپىدىن قاتتىق تەنقىدكە ئۇچراۋاتقان ياش ئۇيغۇر گۇڭگا شائىرلارغا، خەنزۇ گۇڭگا شائىرلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا خەنزۇلار ئىچىدىكى نوپۇزلۇقلارنىڭ ئوخشاش

تەنقىدىگە ئۇچراپ، لېكىن ئاخىرى ئوبزورچىلاردىن تەركىب تاپقان ئۆتكۈنچى قاتلامدىن ھالقىپ كېتىپ خەلق تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغانلىقى زور ئىلھام بەرمەي قالمىغان بولسا كېرەك.

شۇنداق بولسىمۇ، خەنزۇ گۇڭگا شائىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىگە بولغان بىۋاستە بەدىئىي تەسىرىنى چەكلىك دەپ قارايمەن. بۇنىڭ بىر سەۋەبى يۇقىرىدا سۆزلىگەندەك خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇيغۇر گۇڭگا شائىرلار ئۈچۈن بىر كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغانلىقى. يەنە بىر سەۋەبى شۇ چاغدىكى خېلى كۆپ ئۇيغۇر شائىر-يازغۇچىلىرىنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكى. تالانتلىق شائىر ئادىل تۇنىياز كېيىن مۇنداق ئەسلىگەن: «خەنزۇ شائىرلىرىنىڭكىدىن كۆرگەنلىرىم كۆپ ئەمەس. بىراق، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئۈرۈمچىدىكى كىتابخانىلارغا كەلگەن چەت ئەل شائىرلىرىدىن تۇپلاملىرىدىن مەن ئوقۇمىغان، سېتىۋالمىغانلىرىم يوق دېيەرلىك.» (ئادىل تۇنىياز 2004، 324- بەت) ئادىل يەنە بىر سۆھبەت خاتىرىسىدە «مەن 1989- يىلىدىن يا ھازىرغىچە ھەر قانداق چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ خەنزۇچە نەشر قىلىنغان ئۈرۈمچىگە كەلگەنشېئىر تۇپلاملىرىنى بىرنى قويماي تولۇق سېتىۋالدىم، دېيەلەيمەن. ھەممىسنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ چىقتىم ھەم ئۇلارنىڭ شېئىرىيەت ئېقىملىرىنىمۇ خېلى تەپسىلىي ئوقۇدۇم.» (ئادىل تۇنىياز 2004، 286ــ287- بەتلەر) دېمەك، ئادىل تۇنىيازنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسى شېئىرلار ئوقۇپ چۈشىنىشكە يېتەرلىك، لېكىن ئۇ يەنىلا خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىغاندا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان چەت ئەل ئەسەرلىرى بىلەن كۆپرەك ئۇچراشقان. مەن بىلىدىغان ئۇيغۇر گۇڭگا شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ چەت ئەل مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىگە بولغان تەسىرى ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

<u>3) چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ رولى</u>

بۇ يۈزلىنىشلەر خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى يۈزلىنىشلەر بىلەن ئاساسەن تەڭ ئىلگىرىلىگەن. غەرب ئەدەبىياتى بىلەن ياپون ئەدەبىياتى بۇ يىللاردا خەنزۇچىغا زور مىقداردا تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىغان، ھەم خەنزۇ يازغۇچىلىرى ئۇنىڭدىن كۆپ ئىلھام، كۆپ نەمۇنە ئالغان. (چېن 2002) خەنزۇ ئەدەبىياتى ئىچىدە، مودېرنىزم ئەدەبىياتى چوڭ ئېقىمغا ئايلىنىشقا باشلىغان. شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدا چەت ئەل تىللىرى ئۆگىنىش پۇرسەتلىتى تېخى كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما بەزى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى خەنزۇ تىلىنى كۆۋرۈك قىلىپ خەنزۇچە تەرجىملەر ئارقىلىق چەت ئەل ئەدەبىياتى بىلەن بىر قەدەر ياخشى تونۇشۇشقا باشلىغان. بۇنى ئۇيغۇر ئەدبىلىرىنىڭ مودېرنىزم ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇپ قېلىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم باسقۇچى دەپ قاراشقا بولىدۇ، ئۇ تاكى ھازىرغىچە سوزۇلۇپ كەلگەن.

پەرھات تۇرسۇننىڭ دېيىشىچە، بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئۆزى بىلەن بىللە ئوقۇغان بىر

تۇركۇم ئەدەبىياتخۇمار ئۇيغۇر ياشلىرى خەنزۇ تىلىنى ياخشا ئۆگىنىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە خەنزۇچىگە تۇركۇم-تۇركۇملەپ تەرجىمە قىلىنىۋاتقان چەتئەل مودېرنىزم ئەسەرلىرىنىڭ خەنزۇچە نۇسخىلىرىنى كۆرۈشكە بەل باغلىغان، ھەم شۇ ئەسەرلەردىن ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرلەنگەن، ئىلھاملانغان. پەرھات تۇرسۇن ۋە تاھىر ھامۇتنىڭ دېيىشىچە، خەنزۇ تىلى تەرجىمىلىرى ئارقىلىق تونۇشقان چەتئەل مودېرنىزم ئەسەرلىرى ئاشۇ دەسلەپكى گۇڭگا شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن.

چەت ئەل مودېرنىزمىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى شۇ يىللاردا خەنزۇ تىلىغىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان. مۇنداق تەرجىمىلەر بەزى ئۇيغۇر شائىر-يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە چوڭ تۈرتكۈلۈك رول ئوينىغان. گېرمانىيەلىك ئالىم فرېيدېرىخ «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «تارىم» ژۇرنىللىرىنىڭ تەرجىمانلىققا قوشقان تۆھپىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئوينىغان رولىنى قايىل قىلارلىق ئوتتۇرىغا قويغان (فرېيدېرىخ 2007، 102ـ103ـ بەتلەر)، لېكىن تەرجىمانلىقتىمۇ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى يەنىلا گۇڭگا شېئىرىيەتكە نىسبەتەن ئالاھىدە رول ئوينىغان. 1980ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ غەرب مودېرنىزمىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى ۋە غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنى نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن بەزى غەرب مۇتەپەككۇرلارنىڭ نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرىنى ئېتىبار بىلەن باسقان. ئالايلۇق، گۇڭگا شائىر ئابدۇقادىر جالالىدىن «تەڭرىتاغ»نىڭ 1988ـ يىلىنىڭ بىر سانىدا شىمالىي ياۋروپا مودېرنىزم شېئىرىيىتىنىڭ بىر نەچچە ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان بولسا، («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1988 يىللىق ـ4 سان، 79ـ80ـ بەتلەر) شۇ يىلىنىڭ يەنە بىر سانىدا گۇڭگا شائىر پولات ھېۋزۇللا غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ئىلھامچىلىرىنىڭ بىرى بولغان فرېيدرىخ نىتزېنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان. («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1988 يىللىق ـ6 سان، 52ـ62ـ بەتلەر)

بۇ تەسىرنى كۆپلىگەن ئۇيغۇر گۇڭگا شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھېس قىلىۋالغىلى بولىدۇ، ھەم ئۇلار ئۆزلىرىمۇ بۇ تەسىرنى خوشاللىق بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇ. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئادىل تۇنىيازدىن ئۆزىگە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئەسەرلەرنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئادىل تىلغا ئالغان ئەسەرلەر ئىچىدە، چەتئەل مودېرنىزم ئەسەرلىرى كۆپ بولغان. ئۇلارنىڭ بىرىسى، ئارگېنتىنالىق ھېكايىچى خورخە لۇئىس بورخەس (Jorge Luis Borges) بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. بورخەسنىڭ مۇڭلۇق، گۇڭگا، ھەم فانتازىيەلىك ھېكايىلىرى كۆپ جەھەتلەردىن ئادىلنىڭ شېئىرلىرىغا ئوخشايدۇ. بۇ نۇقتىدىن، بورخەسنىڭ ئادىلغا بولغان تەسىرىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. بورخەسنىڭ ھېكايىلىرىدە رېئال دۇنيادا مۇمكىن بولمايدىغان، ئەمما ئوقۇرمەنلەرنى قاتتىق تەسىرلەندۈرۈپ، ئويلاندۇرۇپ، ھاياجانغا سالىدىغان ھادىسىلار ناھايىتى كۆپ. ئادىل تۇنىيازنىڭ شېئىرلىرىدا، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىكى شېئىرلىرىدا، مۇنداق ھېسسىياتلار ۋە مۇنداق ئۇسلۇب بارغانسېرى راۋاجلىنىپ كەلمەكتە. يۇقىرىقى شېئىرى بۇنىڭ بىر ئېنىق مىسالى.

يەنە بىر مىسال بولسا، پەرھات تۇرسۇننىڭ «فرانز كافكا» دېگەن شېئىرىدۇر. بۇ شېئىرنى پەرھات غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ گۇڭگا يازغۇچىلىرىنىڭ بىرىسى بولغان كافكاغا بېغىشلاپ يازغان ھەم شېئىردە ئۆزىنىڭ شەخسىي ھېسسىياتلىرىنى كافكانىڭكىگە ئوخشىتىپ مۇنداق ئىپادىلىگەن:

كافكا دائىم ئاڭلاپ قالاتتى
زېمىننىڭ نالىسىنى ۋە قۇياشنىڭ چىرقىرىشىنى،
ئاڭلىيالماس بۇنداق ئاۋازنى ھېچكىم،
چۈنكى ھېچكىم چۈشكۈنلىشەلمەس ئۇنىڭدەك.
مەنمۇ ئاڭلاپ قالغاندىن كېيىن شۇ ئاۋازلارنى
خىيال قىلاتتىم كافكادەك يازغۇچى بولۇشنى
بىراق ئاخىر ئايلىنىپ قالدىم پەقەت ئۇنىڭ بىر پېرسوناژىغا.
**(«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2008- يىللىق 3- سان، 60- بەت)**

## 2.3: گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنى

يۇقىرىدا بىز ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىنىڭ 1980- يىللاردا بارلىققا كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ بۈگۈنكى كۆلەمچە بولغان تەرەققىياتى ئۈستىدە توختالدۇق. ئەمما، بىر ئېقىمنىڭ قانچىلىك ئاۋانگارت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يەنىلا ئۇنىڭ ئەجدادلىرى بولىدۇ. مەزكۇر بابتا گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ ئەجدادلىرى، يەنى ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەھلىل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ كېلىپ چىقىش توغرىسىدىكى بەس-مۇنازىرىلەرمۇ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەنلا بۇ ئېقىم ھەر خىل تالاش-تارتىشلارنىڭ مەركىزى بولغان، ھەم بۇ مۇنازىرىلەرنىڭ يادروسى دەل گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدۇر. بۇ مەسىلە گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ ئەدەبىياتتىكى يىلتىزى بىلەن بۈگۈنكى زامان تەرەققىياتىنىلا يورۇتۇپلا قالماي، نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى مۇھىم تېما بولۇپ قالغان چىنلىق مەسىلىسىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئايدىڭلاشتۇرىدۇ.

بۇ بابتا ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئارقا كۆرۈنۈشى قىسقىچە بايان قىلىنىپ، ئۇشبۇ ئېقىمنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ھەر خىل پەرەزلەر تارىخىي پاكىت ئاساسىدا تەھلىل قىلىنىپ، ھەم بۇ كېلىپ چىقىش مەسىلىسى ھەققىدىكى بەس-مۇنازىرىلەر، شۇنداقلا شۇ مۇنازىرىلەردە ئاساسلىق تېما بولغان چىنلىق مەسىلىسى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ. بۇ بابنىڭ بىر يەكۈنى شۇكى، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر

جەمئىيىتى ئىچىدىكى ھەر خىل مەدەنىيەت ئېقىملىرى ئارىسىدىكى رىقابەت بارغانسېرى كۈچىيىپ كەلدى، ھەم بۇ رىقابەتكە قاتناشقان مەدەنىيەت ئېقىملىرى ئەڭ تالاشقان نەرسە چىنلىقدۇر. بۇ ئەھۋالغا گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەر ناھايىتى جانلىق مىسال بولالايدۇ.

1) گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ سېۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئارقا كۆرۈنۈشى

مەشھۇر شائىر، پرافسور ۋە تەنقىدچى بۇغدا ئابدۇللا گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بىر مۇھىم ئاساسچىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇغدا مۇئەللىم ئۆزىنىڭ 1983- يىلى يازغان «ئانا» دېگەن شېئىرىدەك ئەسەرلىرى بىلەن چاچما شېئىر شەكلى دەۋرىمىزدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئومۇملاشتۇرۇشقا چوڭ تۆھپە قوشقان. شۇ سەۋەبدىن بۇغدا مۇئەللىمنىڭ گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى، شۇنداقلا گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ ئاساسلىق شەكلى بولغان چاچما شېئىر شەكلىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كىرگەنلىكى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇغدا مۇئەللىمنىڭ قارىشىچە، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان قازاقىستانلىق ئۇيغۇر شائىرلىرى ئۆمەر مۇھەممەدى ۋە ئىسمايىل ساتتاروفلارنى ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتىنىڭ يولباشچىلىرى بولغان. (بۇغدا ئابدۇللا 2004- يىل ئا، 231- بەت) (ئەلۋەتتە، يېڭى شېئىرىيەت دېگەن بۇ ئاتالغۇ گۇڭگا شېئىرىيەتنىمۇ ئىچىگە ئالىدۇ.) ماياكوۋسكىي ۋە كەلگۈسىزمچىلارنىڭ تەسىرىگە چونقۇر ئۇچرىغان بۇ ئىككى ياش شائىرنى چاچما شېئىر ئۇسلۇبىنى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئەكىرىشتە ئەڭ چوڭ رول ئوينىغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ سېۋېت سانائەت تەرەققىياتىنى مەدھىيىلەيدىغان «گاڭ ناخشىلىرى» دېگەن 1930- يىلى يېزىلغان شېئىرى شائىر ئۆمەرنىڭ شۇ چاغدىلا چاچما شېئىر ئىجادىيىتىدە خېلى بىر پەللىگە يېتىپ بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ:

قاراڭلار ئەنە!
چويۇن كۆلنىڭ شارقىراتمىلىرىغا!
تراكتورلار ئۆملەپ چۈشمەتكە...
ئۇسسىغاندا بېنزىن ئىچىپ،
مىڭلاپ ئېتىزلارغا كۆزمەكتە.
**(ئۆمەر مۇھەممەدى 1987، 121- بەت)**

ئۆمەر مۇھەممەدى بىلەن ئىسمايىل ساتتاروفلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كۆپ سالمىقىنى سېۋېت سانائىتى، سوتسىيالىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى شېئىرلار ئىگىلەيدۇ. 1920-، 30- يىللاردا،

يېڭى بىر دۇنيانى يارىتىش سېۋىت ئەدەبىياتىنىڭ بىر ئاساسلىق تېمىسى بولغان. شۇ دەۋردىكى سېۋىت ھۆكۈمرانىنىڭ قارىشىچە، يېڭى دۇنيانىڭ بەرپا قىلىنىشى بىلەن، دۇنيادىكى نۇرغۇن نەرسىلەرمۇ يېڭىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يېڭى ئادەملەر، يېڭى تۇرمۇش، يېڭى ئەدەبىيات قاتارلىقلارمۇ بار. ئۆمەر مۇھەممىدىنىڭ ئىككى پارچە شېئىرىدىكى بەزى مىسرالار بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇكى:

هازىر بىزنىڭ كۆڭۈل بەگباش،
شوخلۇق بىلەن تۈزەيمىز
يېڭى دۇنيانى
**(ئۆمەر مۇھەممىدى 1987، 121ـ بەت)**

بۈگۈن ئىشلە،
ئاداققى يىللاردا ئىشلەپ قال.
تۈزۈۋالايلى يېڭىنى.
كەلگۈسىنىڭ كىشىلىرى
سېنى ماختاپ ماشىنىدا ئىشلەر،
يېمەس ئاتىنىڭ غېمىنى.
**(ئۆمەر مۇھەممىدى 1987، 136ـ بەت)**

ئۆمەر مۇھەممىدى، ئىسمايىل ساتتاروف قاتارلىق ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ قارىشىچە، دۇنيانى يېڭىلاش ئۈچۈن خەلقنى يېڭى بىر خىل ئەدەبىيات بىلەن تەربىيىلىشى كېرەك. بۇ شائىرلارغا نىسبەتەن، بۇ يېڭىلىق ھەم مەزمۇن ھەم شەكىلنى ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. سېۋىت ئىتتىپاقىدىكى يېڭى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى تېما جەھەتتىن كلاسسىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىغا قارىغاندا ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بەرسە، شەكىل جەھەتتىن كلاسسىك شېئىرىيەتتىن چۈشىنىشلىك بولۇشى كېرەك. بۇ شائىرلار ئاساس قىلغان تېمىلار، يەنى سانائەتلىشىش، كوللېكتىپلىشىش دېگەندەك تېمىلار هازىر كۆپ شېئىرلاردا تىلغا ئېلىنمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ شەكىل جەھەتتىن بارلىققا كەلتۈرگەن يېڭىلىقنىڭ تەسىرىنىڭ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ سېۋىت ئۇيغۇر شائىرلىرى بىلەن سېۋىت ئىتتىپاقىدا ياشىغان باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئابدۇللا تۇقاتدەك تەرەققىيپەرۋەر شائىرلارنىڭ تەسىرىدە، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئەلقەم ئەختەمدەك بىر ئەۋلاد شىنجاڭلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىمۇ كلاسسىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە تېپىلمايدىغان شېئىر شەكىللىرى بىلەن شېئىري يېزىشقا جۈرئەت قىلالىغان. (تۇرسۇن ئەرشىدىن 2007ـ يىل، 308ـ309ـ بەت) بۇغدا ئابدۇللادەك بىر ئاز كېيىن ياشىغان شىنجاڭلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىمۇ بۇ سېۋىت ئۇيغۇر

شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى جۇڭگو-سوۋېت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئالتۇن دەۋرى، يەنى 1950- يىللاردا چېگرىدىن كۆپلەپ ئەكىرىلگەن كىتابلاردا ئۇچراتقان. ئازادلىقنىڭ ئالدى-كەينىدە قۇرامغا يەتكەن بۇ شائىرلار كېيىنكىلەرگە ئۇستاز بولغان. مانا بۇ ئەدەبىيات تارىخى گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ 20- ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر ئارقا كۆرۈنۈشىدۇر.

## 2) چاغاتاي ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىن گۇڭگا شېئىرىيەتكىچە

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرگە قارىغاندا، چاغاتاي تىلى ئەدەبىياتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە بەكرەك تەسىر قىلغان دەپ قارايمەن. مېنىڭچە بولغاندا، چاغاتاي تىلى ئەدەبىيات تارىخىدا تەسىر دائىرىسى ئەڭ زور بولغان، بۈگۈنكى دەۋر يازغۇچى شائىرلىرىغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن شائىر، تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائىدۇر. مەيلى چاغاتاي تىلى نۇسخىلىرى بولسۇن، ۋە مەيلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرى بولسۇن، چاغاتاي تىلى ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى ھەممىدىن كۈچلۈك، ھەم ھازىرقى زامان شائىرلىرىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر قىلغان ھەم زور ئىلھام بەرگەن، شۇڭلاشقا بۇ شائىرلار كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ كۆپ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان، لېكىن نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ كۆز قارىشىچە، ھازىرقى گۇڭگا شېئىرىيەت ئۇسلۇبى دەل شۇ كلاسسىك ئەنئەنىلەرنى بۇزۇپ تاشلىغان بىر ئېقىم. ئۇنداق بولسا ئۇنى قانداقسىگە كلاسسىك ئەدەبىياتقا ۋارىسلىق قىلغان دېيىشكە بولىدۇ؟ چاغاتاي تىلى ئەدەبىياتىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىياتىغا تەسىر قىلغان يازغۇچىلارغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھازىرقى گۇڭگا شېئىرىيەتكە ئوخشاپراق قالىدىغان يەرلەر بارمۇ؟

بىر قاراشتا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بارلىق ئەنئەنىلىرى مۇجەسسەملەنگەن دەپ قارىلىدىغان نەۋائى ئەسەرلىرى بىلەن ئەڭ ئاۋانگارد دەپ قارىلىدىغان گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمى ئارىسىدا ھېچقانداق باغلىنىش يوقتەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن. بىراق بىز ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئىزدىگەندە گۇڭگا شېئىرىيەتنى ئەسلىتىدىغان يەرلەرنى تاپالايمىز. ھەم ھازىرقى گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىدىكى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىنمۇ كلاسسىك شېئىرىيەت ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغان يەرلەرنى ئۇچرىتىمىز. مەن ئالدى بىلەن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ غەزەللىرىدىن ئىككى مىسال كەلتۈرەي. (تۆۋەندىكى غەزەللەرنىڭ ھەر ئىككىلىسى 1981- يىلى تېيىپجان ئېلىيوف تەييارلىغان «نەۋائى غەزەللىرى» دېگەن توپلامدىن ئېلىنغان. ھەر بىر بېيىت ئالدى بىلەن چاغاتاي تىلى نەزمە شەكلىدە بېرىلىدۇ، ئاندىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى نەسرىي شەكلى تىرناق ئىچىدە بېرىلىدۇ.)

مەي تۇلىنىڭ ھەر پەششەسى پىلدۇرۇر خەرتۇملۇغ،
دەق ئەتكىلى دەير ئەھلىغە گەر چەكسە دەردۇ غەم سىپەھ.
(شاراب دۇغىغا چۆشكەن ھەربىر پاشا بىر خارتوملۇق پىل،
ئەگەر دەرت ئەلەم لەشكەرلىرى ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، ئىچەرمەنلەرنى
مۇداپىئە قىلىدۇ.)

چۇ مەجنۇن قىلدىڭ ئەمدى، ئەي مۇغەننى، گوشە تابىڭنى،
كۆڭۈل سەۋداسى تەسكىنى ئۈچۈن بوينۇمغا تۇمار ئەت.
(ئەي سازەندە، مېنى مەجنۇن قىلدىڭ،
ئەمدى كۆڭۈل سەۋداسىنى بېسىش ئۈچۈن سازىڭنىڭ قۇلاقلىرىنى
بوينۇمغا تۇمار قىلىپ ئېسىپ قوي.)
**(ئەلىشىر نەۋائى 1981 ـ يىل)**

بۇ ئىككى بېيىتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇلارنىڭ غەلىتە، گۇڭگا ئىماگلاردىن پايدىلىنىپ، كۈچلۈك ھېسسىياتنى ئىزھار قىلىشتىن ئىبارەتدۇر. شائىر ئۆزىنىڭ مول تەسەۋۋۇرىدىن پايدىلىنىپ، ئاجايىپ، ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىماگلار بىلەن يۈرەك تارلىرىمىزنى چېكىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىدىن «دۇغىغا چۆشكەن پاشىلار»نىڭ مەس بولغانلارنى قانداق قوغدايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىڭىز، ئۇ ئېھتىمال چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ئىلاجسىز قالغان بولاتتى. بۇ ئىماگلار ھازىرقى گۇڭگا شېئىرىيەتتىكى بەزى ئىماگلاردەك بەك غەلىتە ھەم تۇتۇق بولمىسىمۇ، ئەمما بىز ئۇلاردىن ھازىرقى گۇڭگا شېئىرىيىتىنىڭ بىر مەنبەسىنى، بىر يىلتىزىنى كۆرەلەيمىز. بىز ئەمدى ئادىل تۇنىيازنىڭ «دېرىزە ئالدىدا» دېگەن شېئىرىدىن بىر نەچچە مىسرا كۆرۈپ باقايلى:

ئۆلۈك بوۋاقلارنى كۆمۈپ قويدۇق
دەرەخ كاۋىكىغا، سۇغا، ھاۋاغا.
يۈتكەن شەھەرنىڭ ئادەملىرى قۇم
قۇملۇق تولغان نەغمە ناۋاغا.
**(«دېڭىزدىكى كوچا»، 149 ـ بەت)**

بۇ تۆت مىسرانىڭ ئۆزىگىلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىنىڭ بىر نەچچە تۈپكى ئالاھىدىلىكلىرى مۇجەسسەملەنگەن. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى تۆۋەندىكىدەك ئومۇملاشتۇرۇپ چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ دەپ قارايمەن، يەنى ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىقنىڭ بىرىكىشتىن ئىبارەت. شېئىردىكى سۈرلۈك، مەۋھۇم، غەلىتە ئىماگلار ئىدراكىمىزغا بىۋاستە مەنە بەرمەي، يوشۇرۇن ئېڭىمىزغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىزگە تونۇش ئىماگلار ۋە بىز ئويلاپ

باقمىغان ئىماگلار بىرگە ئىشلىتىلگەندە، بىزگە تونۇش بولۇپ كەتكەن سۆزلەر، بىز ئۇچرىتىپ باقمىغان يېپيېڭى كونتېكستتا قوللىنىلغاندا، ئۇلار بىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىمىزغا كۆمۈلگەن ھېسسىياتلارنى قوزغايدۇ. كلاسسىك ئەدەبىياتتا ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان ئوبرازلار بىزگە سوغۇق شامالدەك ئۇرۇلىدۇ. لېكىن بۇنىڭمۇ مىساللىرى كلاسسىك ئەدەبىياتتىمۇ ئاز ئەمەس. سۆزۈمنىڭ دەلىل سۈپىتىدە، نەۋائىينىڭ تۆۋەندىكى مىسرالارغا قاراپ باقايلى:

سىرىشكىم قانى قىلدى كوينىڭ تۇفراغىن ئاغۇشتە،
ئىتىگە شايەد ئول بالچىغ بىلە بىز ئويي ياسالغان دەپ.
(ئۇنىڭ كوچىسىنىڭ توپىسى قان ياشلىرىم بىلەن ئارىلاشتى،
بەلكى، بۇ لاي ئۇنىڭ ئىتىغا ئۆي ياساشقا ياراپ قالار.)
**(ئەلىشىر نەۋائى 1981- يىل)**

بۇ ئىككى مىسرادا، خۇددى ئادىل تۇنىيازنىڭ يۇقىرىقى شېئىرىدىكىدەك ، غەلىتە ھەم ناتونۇش ئىماگلار ئۇچرايدۇ. نەۋائى ئىشلەتكەنلىرى ئادىلنىڭكىدەك بەك غەلىتە بولمىسىمۇ، لېكىن بىز بۇ مەلۇم دەرىجىدىكى ئوخشاشلىقلاردىن گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ نەۋائى دەۋرىدىن ساقلىنىپ كەلگەن ئەنئەنىلەرنى بۇزۇپ تاشلىغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.
شۇنداقلا، بۇ تۆت مىسرا ئىچىدە، كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق ۋە مۇكەممەل ساقلىغان تەرەپلەرنى تاپالايمىز. بۇ شېئىرنىڭ شېئىردا ئاز ساندىكى كۇبلېتلىرى قاپىيەداش كەلمىسىمۇ، ئەمما شائىر باشتىن ئاخىر قاپىيەداشلىق بىلەن ئاھاڭدارلىقنى ساقلاشقا تىرىشقان. يەنە بىر جەھەتتىن قارىساق، شائىر ئۆزگىچە، خەلق بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان سۆز-ئىماگلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارغا ناھايىتى تونۇش پۇراق بېرىدىغان سۆز-ئىماگلارنى ئىنتايىن تەسىرلىك ھالەتتە بىرلەشتۈرۈۋەتكەن. تەكلىماكان، سان-ساناقسىز قۇم بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان قەدىمي شەھەر خارابىلىرى بىلەن تولغان تىلسىم ماكان بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى مانا مۇشۇ غايەت زور سىرلىق چۆل-جەزىرە بويىدىكى شەھەر-يېزىلاردا تىرىكچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە، قۇم بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. نەغمە-ناۋا دېگەن سۆز ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ زامانىدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى مۇزىكىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ كونا، يېقىملىق ئىماگلار، غەلىتە، يىرگىنچلىك ئاڭلىنىدىغان ئىماگلار بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەندە، ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىقنىڭ ئاجايىپ تەسىرلىك ئارىلاشمىسى شەكىللىنىدۇ.

3) قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۇڭگا شېئىرىيەتكە قانچىلىك تەسىرى بولغان؟

بەزىلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىلى يازما ماتېرىياللاردا ھازىرقى گۇڭگا شېئىرىيەتكە ئوخشايدىغان تەرەپلەرنى باردەك ھېس قىلىدۇ. دېمەكچى بولغىنىم، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ئەسەرلەرگە قارىساق، ھازىرقى گۇڭگا شېئىرلاردەك تۇتۇق، چۈشىنىكسىز تۇيۇلىدىغان يەرلەر ھەقىقەتەن تېپىلىدۇ. بۇنى ھېس قىلغان بەزى ئەدەبىياتچىلار ھازىرقى زامان گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىنى قەدىمكى ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغانمىكىن دەپ قارايدۇ. بۇ كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ ئىچىدە، گۇڭگا شېئىر يازغۇچىلىرىدىن تاھىر ھامۇت، ئابدۇقادىر جاالىدىن قاتارلىقلار بار. ئەمما مەن تا ھازىرغىچە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ھازىرقى گۇڭگا شېئىرىيەتكە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلارنى تاپالمىدىم. بەلكىم بەزى ھازىرقى زامان گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىدىكىلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلەرنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن ئىلھام ئالغاندىن كېيىن، شۇ شېئىرلارنىڭ بەزى ئاالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتىگە سىڭدۈرۈۋالغان بولۇشى مۇمكىن ياكى بولمىسا، بۇ ئىككى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيەت ئېقىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقلار تاسادىپىي بولۇشى مۇمكىن.

4) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن يىلتىز ئىزدەش

ئادىل تۇنىيازنىڭ 2003- يىلى نەشر قىلىنغان توپلىمىدا «چۈمبەلدىكى كۆز»، گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ داڭلىق شائىرلاردىن بىرى بولغان ئادىل تۇنىياز گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ مەنبەسىنى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىزدەيدۇ:

ئاق تاش، كۆك تاش
دەرىيادىكى سۈزۈك تاش
سېنىڭ بىلەن مەن ئاداش،
ئوينايدىغان باال بارمۇ؟
**(ئادىل تۇنىياز 2003، 1- بەت)**

ئادىل بۇ خەلق قوشاقنى گۇڭگا شېئىرىيەتكە ئوخشىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

شۇ سۈزۈك بولىدۇ، لېكىن دۇنيادا سۈزۈك تاش يوق. بىراق بىز باللىق دۇنياسىدا دەرىيادىكى تاشنىمۇ سۇغا ئوخشاش سۈزۈك دەپ ئاتىۋالغانىدۇق. يىگىرمە يىلدىن بېرى مانا شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان سۆزلەرنىڭ سېھرى ئىچىدە ياشاۋاتىمەن. مەن بىلەن تەڭتۇش بالىلار ھەر يىلى چېچەكلەرنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ ئاستا-ئاستا چوڭ

ئادەملەرگە ئايلىنىپ كەتتى. مەن بولسام 33 ياشقا كىرىپمۇ باللىقتىن، باللىقتىكى ئۇ گۈزەل ئويۇندىن ۋاز كېچەلمەي، شائىرلىق كوچىسىدا تەمتىرەپ يۈرۈپتىمەن.
**(ئادىل تۇنىياز 2003، 1ـ2ـ بەتلەر)**

ئادىل ئۆز شېئىيىتىنىڭ ئۇيغۇر چىنلىقىنى ھەتتا ئۇيغۇرلار ياشىغان تۇپراق ئۆتىدىن ئىزدەيدۇ:

بالا چاغلىرىمدا ساپ ھاۋاسى يېشىل باغلاردىن، ئەركەك سۇلىرى ئاپتاپلىق تاغلاردىن كېلىدىغان پاكىز يۇرت قاغىلىقىنىڭ توپىسىدا ئېغىناپ، سۆيىدە ئېغىزلاندىم. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكي ئۆرپ-ئادەتلىرى، ناخشا-قوشاق ۋە چۆچەكلىرى قاينام بۇلاقتەك بۇلدۇقلاپ تۇرىدىغان بۇ مۇھىت ھاياجانلىق بىر سەھرا بالىسىدا شېئىر ئىشتىياقى ئويغاتتى.
**(ئادىل تۇنىياز 2003، 1ـ بەت)**

شۇنىڭ بىلەن ئادىل تۇنىياز چىنلىقى جەڭگە چاقىرىلغان ئۇيغۇر گۈڭگا شېئىرىيىتىنىڭ لەڭگىرىنى ئۇيغۇر چىنلىقىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر دېڭىزىغا چۆكتۈرۈپ، ئۆز ئىجادىيىتىنى چىنلىقى گۇمانلانغىلى بولمايدىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ھەتتا ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى ياشاپ كەلگەن جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا باغلاشقا تىرىشىدۇ.
ئەلۋەتتە، چىنلىقنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىزدەش يېڭى ھادىسىمۇ ئەمەس. ماۋ زېدوڭ يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت نۇتقىدا جۇڭگو شائىر-يازغۇچىلىرىنى خەلق ئەدەبىياتىدىن كۆپرەك ئۆگىنىشكە ئۈندىگەن، بۇ چاقىرىقنى تېپىچان ئېلىيېۋدەك نۇرغۇن ئەدەبىياتچىلار دىلىغا پۈكتۈرۈپ ئۆز ئىجادىيىتىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشتىكى بىر مەقستى خەلققە چۈشىنىشلىك بولغان ئەسەرلەرنى يارىتىش بولسا، يەنە بىر سەۋەبى ئۆزلىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتىغا يېقىن ئەسەرلەرنى خەلققە مۇۋاپىق، خەلقنىڭ رېئاللىقىغا چىن دەپ قارىغانلىقى.

## 2.4: گۈڭگا شېئىرىيەتنىڭ نەسەبامىسى: پاكىتلار ۋە تالاش-تارتىشلار

ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇشتىن بۇرۇنقى مەزگىلدە، شىنجاڭدا ئاران بىر خىل مەدەنىيەت ئېقىمى ئاساسلىق ئېقىم بولالىغان، ھەم باشقا ئېقىملار شەكىللەنمىگەن ياكى ئاساسلىق ئېقىم بىلەن بەسلىشىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالمىغان. بۇ ئەھۋال ئەدەبىياتتا ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولغان. تۆۋەنكى بابتا، مەزكۇر يازغۇچى 1980- يىللاردىن بۇيانقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بىر مۇنازىرىنى، يەنى ئاتالمىش گۈڭگا شائىرلار بىلەن ئاتالمىش ئەنئەنىچى

تەنقىدچىلەر ئارىسىدىكى مۇنازىرىنى بۇ مەدەنىيەت بەسلىششىنىڭ تىپىك مىسالى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكچى.

بۇ مۇنازىرىگە قاتناشقان ھەر ئىككى گۇرۇھ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر چىنلىقىنى ياخشىراق جارى ساقلاپ قالغانلىقى، قارشى تەرەپنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىسىدىن چەتنەپ كەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشقان. بۇ مۇنازىرىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان ئىسپات بولسا، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئۇزۇن نەسىبگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن ئۆزىنىڭ چىن ئۇيغۇرلۇققا ۋەكىللىك قىلالىشىنى كۆرسىتىشكە تىرىشقان. تۆۋەندە، بىز ئالدىدا گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ تەرەققىياتىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈپ، ئاندىن بىز گۇڭگا شائىرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شېئىر يېزىش ئۇسلۇبىنى ئۇيغۇر ئەنئەنىسىگە ئۇلاشقا تىرىشقانلىقىنى كۆرسىتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىز گۇڭگا ئېقىمنى تەنقىدلىگەن ئەنئەنىچىلەرنىڭ كۆرسەتكەن مۇنازىرىلىرىنى، گۇڭگا شائىرلىرىنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ كۆرسەتكەن جاۋابلىرىنى كۆرىمىز. ئاخىرى، بۇ بابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەھۋاللار ئاساسىدا، چىنلىقنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ قىممەت قارىشىدىكى مۇھىم ئورنىدا توختىلىمىز.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مۇنازىرىلەرنىڭ بەزىلىرى خاتا، بەزىلىرى توغرا، بەزىلىرىنىڭ توغرا-خاتالىقى ئوقۇرمەننىڭ شەخسىي كۆز-قارىشىغا باغلىق. ئەمما بۇ مۇنازىرىلەرنىڭ بولغىنى بىر نەرسىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇكى، چىنلىق دېگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم دەپ قارىلىۋاتقان بىر قىممەتتۇر. ئەلۋەتتە، نەزەرىيىۋى جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىر ئەدەبىي ئېقىمنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىلىرىگە نىسبەتەن چىن ياكى چىن ئەمەسلىكى مۇھىم بولمىسىمۇ بولىدۇ، پەقەت ياخشى ئەسەرلەرنى يارىتالىسىلا بولىدۇ. ئەمما ئىنسان ھېسسىياتى مۇنداق نەزەرىيىۋى پوزىتسىيىگە بويسۇنمايدۇ. بۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دەۋرىدە ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە ھەر خىل ئېقىملار پەيدا بولدى، ھەم بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. مەيلى تاللىشىدىغان بەدىي مەسىلە نېمە بولسۇن، ئەمما بۇ ئېقىملارنىڭ بىر-بىرى بىلەن بەسلىششى مەدىنىي ساغلاملىقنىڭ بىر ئالامىتى.

## 1) رېئالىزم ۋە ئەنئەنە توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەر

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى چوڭ چېلىشىشلارنىڭ بىرىسى 90- يىللارنىڭ باشلىرىدا ئەخمەتجان ئوسمان بىلەن قۇربان بارات ئارىسىدا بولدان. تالانتلىق شائىر قۇربان بارات ئاتالمىش ئەنئەنىچى شائىرلار گۇرۇھىنىڭ ئەڭ تالانتلىق ۋەكىلى بولۇپ، بۇ يىللاردا ھەيران قالارلىق تېزلىك بىلەن نۇرغۇن ئېسىل شېئىرلارنى يېزىپ ئېلان قىلىۋاتقاندى. ئەخمەتجان ئوسمانمۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتتىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان بۇ يىللاردا نۇرغۇن ئۆزگىچە شېئىرلارنى يېزىپ، ئارقا-ئارقىدىن ئۇيغۇر تىلىدىمۇ، ئەرەب تىلىدىمۇ شېئىر توپلاملىرى

چىقىرىۋاتماقتى ئىدى. بۇ ئىككى گىگانت ئەدىبنىڭ سۆز ئۇرۇشىنىڭ دىققىتىمىزنى ئەڭ تارتىدىغان يەرلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئەخمەتجان ئوسمان ئۆسمۈر ۋاقتىدا قۇربان باراتنى ئۇستاز دەپ تۇتقان. ئۇلارنىڭ كېيىنكى كەسكىن مۇنازىرىسى بەلكىم ئامېرىكىلىق ئەدەبىيات نەزەرىيىشۇناسى خاۋىرد بلۇمنىڭ تەسىر ئەندىشى دېگەن نەزەرىيىسىنى ئىسپاتلىشى مۇمكىن. ئۇ نەزەرىيە بويىچە .ئېيتقاندا ھەر بىر شائىر ئۆزىگە خاس بىر مۇستەقىل ئۇسلۇبنى يارىتىش ئۈچۈن بەلكىم ئۆزىگە بەكرەك تەسىر كۆرسەتكەن شائىرلارغا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن.

1988- يىلى، قۇربان بارات بىر زىيارەتتە گۇڭگا شېئىرلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ قىممىتى بولسىمۇ ئەمما كۆپىنچىسىگە «ناھايىتى خام، ناھايىتى چالا، ناھايىتى بىمەنە» دەپ باھا بەرگەن. (يالقۇن جۇمە، 1988 پ) قۇربان بارات يەنە دەيدۇ: «بالا ئاتا-ئانىدىن تۆرىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئاتا-ئانىنىڭ قىياپىتىنى ۋە قان تىپىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەگەر ئۇ قانداشلىق يېقىدىن، چىراي تۇرقىدىن ئاتىسى ياكى ئانىسىغا تامامەن ئوخشىمايدىغان، ئۇلار بىلەن ھېچقانداق ئېتنىك ۋە مىللىي ئالاقىسى بولمىغان بالا بولسا، ئۇنىڭ شۇ ئاتا-ئانىدىن تۇغۇلغانلىقى گۇمانلىق بولۇپ قالىدۇ.» (يالقۇن جۇمە ب) بۇ ئاچچىق گەپ بىلەن قۇربان بارات گۇڭگا شېئىرلارنىڭ نەسىبى، يەنى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر چىنلىقىغە شەك كەلتۈرمەكچى بولغان.

1992- يىلى، ئەخمەتجان ئوسمان تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ خەلق تەرىپىدىن ئەزىزلىنىپ كەلگەن «تۇگىمەس ناخشا» دېگەن لىرىكىسى توغرىلىق بىر بەدىي تەھلىل يېزىپتۇ. ئەخمەتجان بۇ شېئىرنى قىزغىنلىق بىلەن ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئاتالماش سىنتاكسىسلىق ۋە سىمانتىك قۇرۇلمىسىنى سۇغۇرۇۋالىدۇ. بۇ بىر جۇملە سۆزنى ئەخمەتجان قىسقىچىلا تەھلىل قىلىپ، ئاندىن شېئىرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى شېئىرىيەتكە تەۋە ئەمەس، بەلكى پروزىغا تەۋە دەپ ئالدىراپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئەخمەتجاننىڭ بۇ ماقالىسى ئەنئەنىۋىي شېئىرىيەتنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى قۇربان باراتنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەي قالمىدى:

> بىر شېئىر قايسى ئىجادىيەت مېتودىغا مەنسۇپ بولسا، ئۇنى شۇ ئىجادىيەت ئۆلچەملىرى بىلەن تەكشۈرىمىز، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مىللىي پسىخىك مۇھىتىدا–رېئالىزم ئىجادىيەت مېتودى بىلەن يېزىلغان شېئىرنى غەربىي ياۋروپانىڭ مۇئەييەن تارىخىي شارائىتىدا ۋە ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ مىللىي پسىخىك مۇھىتىدا شەكىللەنگەن، ئۇ يەردىكى دۇنيادىن بىزار بولغان، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن، نېرۋىسى ئىنتايىن ئاجىز بولغان بىر قىسىم زىيالىيلار پەيدا قىلغان، تا بۈگۈنگە قەدەرمۇ ئۆز يېرىدە بازار تاپالمايۋاتقان، نوقۇل شەكىلۋازلىقنى قوغلىشىدىغان مودېرنىزم ئېقىملىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە بىر ئېقىمچاقنىڭ شەكىل ئۆلچەملىرى بىلەن تەكشۈرمەيمىز. بۇمۇ خۇددى چوشقىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن ئاتقا بەرگىلى بولمىغاندەك بىر ئىش.

**(قۇربان بارات 1998ـ يىل، 172ـ173ـ بەتلەر)**

2) ئەنئەنە ۋە مىللىي روھ

ئەينى دەۋردىكى ياۋروپادا، مودېرنىزمچى رەساملارنى تەنقىدلىگەن بەزىلەر ئۇلارنى قارىماققا قالايمىقان، رېئاللىقتىن چەتنىگەن رەسىملىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كلاسسىك ئۇسلۇبىدىكى رەسىملەر سىزغۇدەك تالانتى يوقلۇقىنى يېپىۋالماقچى دەپ تەنقىدلىگەن. شۇنىڭغا ئوخشاش، گۇڭگا شائىرلارمۇ بەزى تەنقىدچىلەر ۋە ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن شېئىرىيەتنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىنىپ بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، ياكى شۇ قائىدىلەرگە رىئايە قىلىپ شېئىرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ يازالمىغانلىقى ئۈچۈن شېئىرلارنى قەستەن غەلىتە يېزىۋېلىپ، شۇ چۈشىنىكسىزلىكنى چوڭقۇرلۇق دەپ تۇرۇۋالغان دەپ قارالغان. ھەم گۇڭگا شائىرلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنداق ساختىنا شائىرلار يوق ئەمەس. ئەمما ئەخمەتجان ئوسماننىڭ 1991ـ يىلى ئېلان قىلغان «دىلبەر» دېگەن غەزىلى بۇ كۆز قاراشنى ئۆزىنىڭ شېئىرىي ئەۋزەللىكى بىلەن پۈتۈنلەي ئىنكار قىلدى:

تېنىم دەرياسىدا ئۈنگەن چىمى سىردەك سېنى ئۆپسەم،
لېۋىڭدىن ئاقتى جانىمغا چېچەكلەرنىڭ قېنى، دىلبەر.
سېنى باغرىمغا باسقاندا ھاياتنىڭ بۆرىسى ھۇۋلار،
يۆگەر مۇردامنى ئاسماننىڭ نۇرانە كېپىنى، دىلبەر.
ئىدىلڭ قارنىمدا سەن دۇنيا سولانغان بىر تىرەن شەبنەم،
تېمىپ قۇتلۇق جاراھەتكە ياراتتىڭ جان-جېنى، دىلبەر!

**(«تارىم» ژۇرنىلى 1991ـ يىللىق 8ـ سان، 41ـ42ـ بەتلەر)**

ئەمما مۇشۇنداق كلاسسىك ژانىرلاردا يېزىلغان گۇڭگا شېئىرلار ھەرگىز ئىنكارچىلارنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈنلا پەيدا بولغان ئەمەس. ھازىرغىچە غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد، مۇتەللىپ مەنسۇر، قاتارلىق گۇڭگا شائىرلار كلاسسىك ژانىرلاردا ناھايىتى ياخشى گۇڭگا شېئىرلارنى يېزىپ كەلمەكتە.

گۇڭگا شائىرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتىگە ئۇلاشقا تىرىشقان كلاسسىك شېئىرىيەت ئېلېمېنتلىرى پەقەت ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. بەزى گۇڭگا شائىرلار ئۆتكەن زاماندىكى تەسەۋۋۇپ شائىرلىرىنىڭ بەزى كۆز قاراشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭكىگە ئوخشىتىپ، ئۆزلىرىنى مۇتەسەۋۋىپلارنىڭ شېئىرىي پۇشتى دەپ قارىغان. سۆيى شائىر بابا رەھىم مەشرەپنىڭ مەن بىللە ئىدىم دېگەن غەزىلىنى ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «چۇقان» دېگەن شېئىرىغا سېلىشتۇرايلى:

نە قىلدى تەڭرى؟

نېچۈن ئۇ ئۇلۇغ؟
مەن ياراتتىم مۆجىزىلەرنى،
قىپ كۆپۈرلۈق!

ئېزىقتۇردۇم ئادەمنى،
پەيدا قىلدىم ئالەمنى.
**(«ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى»، 16- بەت)**

1998- يىلى باتۇر روزى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي روھىنى ئۇيغۇر تارىخى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن ئىزدەپ، ئۇيغۇرلارنىڭ «سىمۋول ئېڭى»نى ئىزدىگەن. شۇنىڭ بىلەن باتۇر روزى تاك سۇلالىسىنىڭ بەزى شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ بەزى ۋەكىللىرىنىڭ ئىجادىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تاك سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى تاك سۇلالىسى ئارقىلىق غەربكە تارقىلىپ، ئاخىرى يەنە غەربدىن ئىچكى تۆرلەشكەن ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا قايتقان دەپ پەرەز قىلغان. (باتۇر روزى، 1998) باتۇر روزىنىڭ بۇ يەردىكى مەقسىتى ئېنىقكى، يەنى ئۇيغۇر مودېرنىزم شېئىرىيىتىنى ناھايىتى ئۇزۇن ھەم پارلاق تارىخقا ئىگە قىلىش.

# ئۈچىنچى باب: گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمى ئىچىدىكى ئېقىملار

ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىنى باھالىغان ۋە تەتقىق قىلغان ئوبزورچىلار ۋە تەتقىقاتچىلار بۇ ئېقىمنىڭ ئەنئەنىچىلەر بىلەن بولغان توقۇنۇشى توغرىلىق كۆپ ئىزدەنگەن بولۇپ، بۇ ئەھۋالنىڭ ئىككى سەۋەبى بار. بىرىنچى سەۋەبى بولسا، گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەنلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدە چوڭ غۇلغۇلە قوزغاپ، چوڭ تالاش-تارتىشلاردا قالغان بولغاچقا، كۆپ ساندىكى ئادەملەرنىڭ دىققىتى شۇ بەس-مۇنازىرىلەرگە تارتىلغان. ئىككىنچى سەۋەبى شۇكى، گۇڭگا شېئىرلارنىڭ ئەنئەنىۋي ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن پەرقلىنىدىغان يەرلىرى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، ئاسانلا ھېس قىلغىلى بولىدىغان تاشقىي شېئىرىيەت ئېلېمېنتلىرى، يەنى زور كۆپ ساندىكى گۇڭگا شېئىرلار قوللانغان چاچما شېئىر شەكلى، قاپىيە كەلمەيدىغان مىسرالىرى ۋە ئەنئەنىۋي ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە تېپىلمايدىغان غەلىتە سۆز-ئىبارىلەر ۋە ئىماگ-ئوبرازلار.

شۇنداق بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمى ئىچىدىلا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئېقىملار، چوڭ تالاش-تارتىشلار مەۋجۇت. گۇڭگا شېئىرلار ئارىسىدىكى بۇ ئوخشىماسلىقلار ھازىرغىچە تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن كۆپ تەھلىل قىلىنمىغانلىق ئۈچۈن، مەزكۇر بابتا بۇ نۇقتىدا ئالاھىدە توختىلىمىز. مېنىڭ يەكۈنۈم شۇكى، ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرلىرى بۆلۈنىدىغان ئىككى چوڭ تىپ كونكرېت گۇڭگا شېئىرلار بىلەن سىمۋوللۇق گۇڭگا شېئىرلار. بۇ ئاتالغۇلار ئوقۇرمەننى ھەيران قالدۇرۇشى مۇمكىن، چۈنكى كۆپ ئادەملەر گۇڭگا شېئىرلارنى، جۈملىدىن مودېرنىزم شېئىرىيىتىنى ئابستراكت شېئىرىيەت دەپ چۈشىنىدۇ. لېكىن تۆۋەندە كۆرىمىزكى، بىر قىسىم گۇڭگا شېئىرلار ناھايىتى سىمۋوللۇق بولغان بىلەن، يەنە بىر قىسمىنى كونكرېت دېيىشكە بولىدۇ.

سىمۋوللۇق، كونكرېت دېگەن ئۇشبۇ ئاتالغۇلار بىلەن نېمە دېمەكچىمىز؟ ئەلۋەتتە، شېئىرىيەت ژانىرى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ماھىيىتىدىنلا سىمۋوللۇق. شېئىر دېگەن بىر مەنىنى بىۋاستە ئىپادىلىمەي، ئەگىتىپ ئىپادىلەيدىغان بىر ئەدەبىيات ژانىرىدۇر، بۇ ئېلېمېنتى بولماي شېئىر بولمايدۇ. ئەمما، ھەر قانداق شېئىرنىڭ ئىپادىلەش نىشانى يەنىلا ئىنسان تۇرمۇشىغا تاقىشىپ قالىدۇ. شېئىرلارنىڭ سىمۋوللۇق دەرىجىسى ئىنسان تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇش بولماسلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى شۇ تۇرمۇش مەزمۇنىنى ئىپادىلەيدىغان ۋاستىلەر بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

كلاسسىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە، كونكرېت ئىپادىلەش بىر قەدەر ئاز ئۇچرايدۇ. بۇنى بىز مۇقام تېكىستى بولۇپ قالغان نەۋائى شېئىرلىرىدىن كۆرەيلى:

سەرسەرى ئاھىم ئەسەر غەم شامى ھىجران تاغىغا،
ياخشىدۇر تاڭ ئاتقۇنچە بۇ تاغ ھامۇن بولماسا.
(ئاھىم بورىنى غەم تۈنىدە ھىجران تېغىغا ئۇرۇلىدۇ. بۇ تاغ تاڭ ئاتقىچە ئۆرۈلۈپ تۈزلەڭلىككە ئايلىنىپ كەتمىسە ياخشىغۇ.)

**(هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ترانسكرىپسىيىسى بىلەن نەسرىي يەشمىسى ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىينىڭ «ئەسلىي يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى»، 183 ـ بەتتىن ئېلىنغان)**

ئەلۋەتتە، يۇقىرىقى مىسرالاردا سۆزلەنگىنى كونكرېت مەنىدىكى بوران، تاغ ئەمەس. بۇ ئىماگلار شائىرنىڭ ھېسسىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مەجازلاردۇر. ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىدە مۇنداق مېتافورلار شېئىرىيەتنىڭ ئاساسلىق ئىماگ ئامبىرىنى تەشكىل قىلغان. ساقى بىلەن مەيخانا، مەي بىلەن جام دېگەندەك قېلىپلاشقان ئىبارىلەر بىلەن كلاسسىك ئۇيغۇر شائىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ خۇدانى سېغىنغانلىقى، خۇدا بىلەن بىرلىشىشۋالماقچى بولغانلىقىنى ئىپادىلىگەن. دەل مۇشۇنداق مىستىك، ئادەتتىكى تۇرمۇشتىن چەتنەپ كەتكەن تېمىدىكى شېئىرلار، ياكى يۇقىرىقى مىسرالاردىكىدەك ئىشقىي مۇھەببەتنى تېما قىلغان شېئىرلار كلاسسىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ كۆپ سالمىقىنى ئىگىلەيدۇ. مۇنداق مەجازلارنىمۇ خەلقنىڭ چۈشىنەلىشى ناتايىن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شائىرلىرى ئەدەبىياتنىڭ شۇ ئەھۋالىنى توغرا كۆرمەي، ئەدەبىياتنى ھەم مەزمۇن جەھەتتىن، ھەم شەكىل جەھەتتىن تۈپتىن ئۆزگەرتمەكچى بولغان. يۇقىرىقى نەۋائى مىسرالىرىنىڭ سىمۋوللۇقى بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ 1942 ـ يىلى يازغان «ماي، كۈرەشچان ئاي» دېگەن شېئىرىدىن ئېلىنغان بۇ مىسرالارنىڭ كونكرېت تەسۋىرلىرىنى سېلىشتۇرايلى:

جۇڭگودا، بۇ كۈرەشچان مايدا
نومۇسلۇق ھەم پاجىئەلەر،
قايغۇلۇق ۋەقەلە
تىزىلىپ ئۆتكەن.
جىنەن كوچىلىرىغا تولغان قانلار
جۇڭخۇا تارىخىغا ـ
يېزىلىپ وتكەن.
**(«ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرى»، 53 ـ بەت)**

بۇ كونكرېت ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئون يىلدىن كېيىن تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ «دېھقان قىزنىڭ ناخشىسى» دېگەن شېئىرىدا تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىسىنى تاپقان:

ئېتىزلىقتا قارايمەن،
ئىشچانلارنى تاللايمەن.
ئىشتا پىشقان يىگىتنىڭ
سادىغىسى بولاي مەن.

(«تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرى»، 1- توم، 136- بەت)

لۇتپۇللا مۇتەللىپ، تېيىپجان ئېلىيېۋقا ئوخشاش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئىسلاھاتچى شائىرلىرىغا نىسبەتەن، ئەدەبىياتنىڭ فۇنكسىيىسى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلقنى تەربىيىلەش، دۇنيانى ئۆزگەرتىشتۇر. شۇ سەۋەبدىن، شېئىرلار چوقۇم خەلق تىلىغا يېقىن بىر تىلدا يېزىلىپ، خەلققە چۈشىنىلىك بولغان ئىماگلار قوللىنىپ، مەزمۇن جەھەتتىن خەلق تۇرمۇشىغا يېقىن بولۇشى كېرەك. مۇنداق كۆز قاراش جۇڭگو ئازاد بولغاندىن كېيىن تاكى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى تۈگىگىچە پۈتۈن دۆلەتتە ھۆكۈم سۈرگەن ئاساسلىق ئەدەبىيات نۇقتىنەزىرى بولغان بولۇپ، پەقەت 1980- يىللاردا گۇڭگا شائىرلاردەك ئەدەبىياتچىلار تەرىپىدىن جەڭگە چاقىرىلغان. ئەخمەتجان ئوسمان باشلامچى بولغان بىرىنچى تۈركۈم گۇڭگا شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە، تۇرمۇشنى كونكرېت ئىپادىلەيدىغان ئېستېتىكىلىق كۆز قاراش تاشلىنىپ،تاشلىۋېتىلىپ، ھېس-تۇيغۇلار، ئوي-پىكىرلەر ناھايىتى ئابستراكت ئىماگ-مەجازلار، سۆز-ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇ ئەھۋال ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1986- يىللىق سىناق سانىدا چىققان، گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ باشلىنىشى دەپ قارىلىپ كەلگەن «ئېزىققان يوللار» دېگەن ماۋزۇدىكى شېئىرلادىلا ئىپادىلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر «مۇمكىنسىز ئولجا» دېگەن شېئىرنى كۆرەيلى:

ھەر كۈن سەھەردە،
ئۇۋىسىدىن چىقىدۇ يوللار،
ئوۋلاشقا مېنى.

مەخلۇقمەن يوچۇن،
سوئال ئۇنەر ماڭغان ئىزىمدىن.
**(109- بەت)**

بۇ شېئىرنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى پۈتۈنلەي ئابستراكت سىمۋوللۇق. يوللار ئوۋغا چىقمايدۇ، ئۇۋىدا تۇرمايدۇ. سوئال دېگەن بىر ئابستراكت ئۇقۇم، ئۇ كونكرېت ئاياغ ئىزىدىن ئەلۋەتتە ئۈنەلمەيدۇ. ئەمما، بۇ شېئىرنى ئوقۇغان ئادەم شائىرنىڭ ئىنسان تۇرمۇشىغا گەپ ئاچماقچى بولغىنىنى ھېس قىلماي قالمايدۇ. بۇ يوللار بەلكىم ھەر خىل ئېتىقاد، پەلسەپىۋى سېستىمىلارغا ۋەكىللىك قىلسا، بايان قىلغۇچىنىڭ شۇ ئېتىقادلارنى سوئال سوراش ئارقىلىق جەڭگە چاقىرىدىغان مىجەزى بار ئىكەن، ھەم شۇ سەۋەبدىن ئۆزىنى غەلىتە بىر مەخلۇقتەك ھېس قىلىدۇ. مۇنداق سىمۋوللۇق ئىپادىلەشنى گۇڭگا شائىر باتۇر روزىنىڭ 1989- يىللىق «ئالەمنىڭ تارتىشىش كۈچى» دېگەن شېئىرىدا تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن:

يېڭى بىر ئالەمگە ھامىلدار يۈرەك،
قورۇق تامنىڭ كەينىدە،
پىچىرلىشار سۆيگىنى بىلەن.
تىكىشۈەتتى شامالىلار،
كۆتۈرەلمەي شەلپەر دولقۇننى،
ئىڭغىر-ئىڭغىر ھالسىراپ!
**(«تارىم» ژۇرنىلى 1989- يىللىق 6- سان، 48- بەت)**

بۇ مىسالاردىن بىر پاكىت ئايان بولىدۇكى، ئەخمەتجان ئوسمان، باتۇر روزىغا ئوخشاش گۇڭگا شائىرلار بىز ياشاۋاتقان دۇنيانى، بىز كەچۈرۈۋاتقان تۇرمۇشنى گۇڭگا شېئىرلىرىدا بىۋاسىتە تەسۋىرلىمەيدۇ. بۇ جەھەتتىن بۇ شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى كلاسسىك ئۇيغۇر شېئىرىيەتكە ئوخشاپ قالىدىكەن. مۇنداق سىمۋوللۇق شېئىرلارنىڭ يادرولۇق مەنىسى يەنىلا ئىنسان تۇرمۇشىغا ئائىت، ئەمما، ئىپادىلەش ۋاستىسى سىمۋوللۇق ھەم ئىككى قاتلاملىق. بۇ شائىرلار ئۆزلىرى خام خىيال قىلىپ چىققان بىر مەۋھۇم دۇنيانى تەسۋىرلەش ئارقىلىق بىز ياشاۋاتقان دۇنيانى سۆزلىمەكچى. مانا بۇ، ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىنىڭ سىمۋوللۇق يۆنىلىشى.

ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىنىڭ كونكرېت يۆنىلىشى بولسا، بىر مەۋھۇم دۇنيانى ۋاستە قىلماي، بىزنىڭ دۇنيارىمىزنى بىۋاسىتە تەسۋىرلەيدۇ. بۇنىڭغا شائىر، رىژىسور تاھىر ھامۇتنىڭ «جەنۇبقا سەپەر» دېگەن شېئىرىدىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى مىسرالار مىسال بولالايدۇ:

كەتتىم، بەدىنىمدە پۈتۈن نەم ئىزلار.
شامال يالاپ، ھەۋەسلەر يالىڭاچلانسا
ياقا يۇرتلۇقلار خىيال ئازابىنى چۈشىنىدۇ.
مەغلۇب بولغان قاتار يېزىلار
ئۈمىدنى ئۈزگەن قاتار شەھەرلەر
تېخىمۇ قويۇقلىشىدۇ.
**(«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، 1995- يىل 2- ئاينىڭ 11- كۈنى، 4- بەت)**

شائىرنىڭ بۇ مىسرالىرىدا ئەخمەتجان ئوسمان، باتۇر روزىدەك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدىغاندەك ماددىيلاشتۇرۇلغان ئابستراكت ئۇقۇملار ئۇچرىسىمۇ، ئەمما، بۇ مەجازلارنىڭ كەينىدە كېلىدىغان باشقا ئىماگلار شېئىرنىڭ مەنىسىنى كونكرېتلاشتۇرىدۇ. بۇ مەغلۇب بولغان يېزىلار ۋە ئۈمىد ئۈزگەن شەھەرلەر ئېنىقلا ئاشۇ ياقا يۇرتلۇقلار ھەۋەسىنىڭ يالىڭاچلانغانلىقىدىن ئازابلانغان يەرلەردۇر. دېمەك، بۇ شېئىردا سۆزلىنىدىغان دۇنيا بىزنىڭ دۇنيارىمىز. بۇ ئەھۋال

پەرھات تۇرسۇننىڭ 1993- يىلى يازغان «ئەتىگەن تۇيغۇسى» دېگەن شېئىرىدا تېخمۇ گەۋدىلىنىدۇ:

ھەركۈنى ئەتىگەن
ئەسكى تۈسكى تەرگۈچىنىڭ قوپال ۋە سەت ئاۋازى
ئىشكىلەرنىڭ قىسلاچلىرىدىن
دېرىزىنىڭ قىسلاچلىرىدىن
بار كۈچى بىلەن كىرەر ئۆيگە سىغدىلىپ
ئېچىنىشلىق ئەمەستۇر بەلكىم بۇ ئاۋاز
بىراق قوپال ۋە سەتلىكىدىن
ئېچىنىشلىق ئاڭلىنىدۇ شۇ قەدەر
**(پەرھات تۇرسۇن 2011، 48- بەت)**

شائىرنىڭ بۇ يەردە ئىپادىلىمەكچى بولغان ھېسسىياتى ئۇقۇرمەنگە چۈشىنىشلىك، ھەم ئىنسان تۇرمۇشىدا ئۇچرايدىغان ئادەتتىكى ئىماگلار ئارقىلىق گەۋدىلەندۇرۇلگەن. پەرھات تۇرسۇن، تاھىر ھامۇتتەك شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنسان تۇرمۇشى توغرىسىدىكى دېمەكچى بولغانلىرىنى ئىنسان تۇرمۇشى ئۆزىدىن مىسال ئېلىپ ئىپادىلەشكە مايىل. ئىپادىلەش شەكلى بىلەن ئىپادىلەنگەن مەزمۇن بىر قاتلامدىلا تەڭ مەۋجۇت تۇرىدۇ، مانا شۇ سەۋەب ئۈچۈن مەن گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ بۇ ئېقىمنى كونكرېت يۆنىلىش دەپ ئاتىدىم.
تۆۋەندىكى پاراگرافلاردا مەن سىمۋوللۇق گۇڭگا شائىرلاردىن ئەخمەتجان ئوسمان، كونكرېت گۇڭگا شائىرلاردىن پەرھات تۇرسۇنلارنىڭ شېئىرلىرىدىن مىسال ئېلىپ، گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ مۇنداق ئىككى ئېقىمچاققا بۆلۈنگەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى.

## 3.1: ئەخمەتجان ئوسمان ۋە گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ سىمۋوللۇق يۆنىلىشى

شەيئىلەرنى كۆزتەي ئەمدى
گۇمان كۆزىدە،
بۇ زامانىنىڭ روبىنسونىمەن،
قۇرۇپ چىقاي
ئارىلىمنى
ئىككىنچى بىر دۇنيا يۈزىدە.
**(ئەخمەتجان ئوسمان: «روبىنسون كروزو»، «ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى»، 7- بەت)**

1) گۇڭگا شېئىر ۋە گۇڭگا سىمۋول

ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان بىلەن كېرىمجان ئابدۇرېھىمنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتاب گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن مۇھىم ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئاپتورلار گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن:

> سۇبيېكتنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى كۈچ-قۇدرىتىنى، ئۇنىڭ تاشقى دۇنيادىكى شەيئى-ھادىسىلەرنى يېڭىۋاشتىن تەشكىللەش ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان بەدىئىي دۇنيانى ياراتتى، ئۇلارنىڭ ياراتقان بۇ دۇنياسى ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتتىكى تەقلىدىي تەسۋىرلەنگەن تاشقى دۇنيادىن ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپلىق ئامىللىرىنىڭ قويۇقلۇقى ۋە سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ... بۇ خىل سىمۋوللۇق ئوبرازلارنىڭ سۇبيېكتىپ ئىختىيارلىقى كۈچلۈك، سىمۋول قىلىنغۇچى بىلەن سىمۋول قىلغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئوبيېكتىپ مۇقەررەر مۇناسىۋەت ھەم باغلىنىش يوق دېيەرلىك بولدى...
>
> **(ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان بىلەن كېرىمجان ئابدۇرېھىم 2006، 410-412-بەتلەر)**

يۇقىرىقى چۈشەنچە گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ يادروسى بولغان سىمۋوللۇق يۆنىلىشكە نىسبەتەن ناھايىتى مۇۋاپىق. تۆۋەندە كۆرىمىزكى، ئەخمەتجان ئوسمانغا ئوخشاش سىمۋوللۇق گۇڭگا شائىرلار بىزنىڭ دۇنيارىمىزنى، بۇ دۇنيادىكى شەخسلەرنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن يېڭى بىر سىمۋوللۇق دۇنيانى يارىتىدۇ. گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ ئۇشبۇ يادرولۇق ئېقىمىدىن بىخلىنىپ چىققان كونكرېت گۇڭگا يۆنىلىش تۆۋەندىكى پارىگرافتا تەھلىل قىلىنىدۇ.

سىمۋوللۇق گۇڭگا شېئىرلار باشقا بىر دۇنيانى قۇرىدۇ، ئەمما ئۇلار بۇ قۇرۇلۇشتا رېئال دۇنيادىكى نەرسىلەرنى خام ئەشيا قىلىدۇ. ئالايلۇق:

ئۆگدىدىم
كىرپىكلىرىدە ماگمىنىڭ...

يېرىپ چىقتىم تۆتەك ئىچىدىن،
تاشلاپ ئۇندا
كۆللىرىنى ئىپسىمنىڭ.
**(ئەخمەتجان ئوسمان، «چۈش»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1986-يىللىق سىناق سان، 110-بەت)**

ئىلاھ سۈپەت تالانتلار،
چىللار مېنى تەرەپ-تەرەپتىن.
كۆلكە
ھەسرەت

چۈقانلار بىلەن
قىزىل
سېرىق
ياپيېشىل نۇرلار،
گىرەلىشىپ
كىرپىكىمگە توقۇيدۇ تورلار.
كۆزۈمدىن ئۈپۈقىچە،
ئۈپۈقتىن كۆزۈمگىچە،
لەپىلدەيدۇ ئەۋرىشىم يوللار.
**(ئابدۇقادىر جالالىدىن، «تەشۋىش»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1987- يىللىق 4- سان، 77- بەت)**

تەۋرەپ كەتسە كىرپىكلىرىڭ
تۆكۈلىدۇ
ئېتەكلەرگە يۇلتۇزلىرىڭ.
تىنىقلىرىڭ قالسا قاناتسىز،
قارچۇقلىرىڭ
ئۇچۇغدايدۇ تال-تال نۇر بىلەن.
سۈكۈتلىرىڭ
ئىگىرىغاندا ئاچچىق تولغاق يەپ،
ئىستەكلىرىڭ
تىپىرلايدۇ يۈگەكتە ھالسىز.
**(پەرھات ئىلياس، «تۇغۇلۇش»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1988- يىللىق 1- سان، 56- بەت.)**

بىر ناخشا
ئۇنتۇلغان بىر ناخشا
يالترايدۇ كىرپىكىدە جاھاننىڭ
دومىلىسا ئۇ
مارجانلىققا تېرىۋالار كىم؟
**(ئىلغارجان سادىق، «يېتىم»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1988- يىللىق 3- سان، 71- بەت)**

بۇ كىرپىكلەرنىڭ ھېچقايسىسى رېئال كىرپىك ئەمەس. لېكىن، بۇ ئىماگلارنىڭ زادى نېمىگە قارىتىلغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ھەر بىر شائىرنىڭ ئەسەرلىرىگە، جۈملىدىن ھەر بىر شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا ياراتقان ئايرىم ئىماگ تىلىنى تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىشى مۇمكىن. بۇ پارىگرافتا ئەخمەتجان ئوسماننى مەركەز قىلىشىمدا ئىككى سەۋەب بار. بىرىنچىسى ئەخمەتجاننىڭ گۇڭگا شېئىرىيەتتىكى باشلامچى رولى ۋە ئۇنىڭ باشقا گۇڭگا شائىرلارغا كۆرسەتكەن چوڭقۇر تەسىرى، بۇ ئىككى نۇقتا تۆۋەندە يورۇتۇلىدۇ. ئىككىنچى سەۋەب شۇكى، سىمۋوللۇق گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى شائىرلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال بىر مەۋھۇم دۇنيانى بارلىققا كەلتۈرۈپ، شۇ دۇنيانى رېئال دۇنياغا ئەينەك قىلىشتىن ئىبارەت. لېكىن بىر شائىرنىڭ مەۋھۇم دۇنيانى چۈشىنىش ئۈچۈن شۇ شائىرنىڭ ئەسەرلىرىگە چوڭقۇر چۆكمىسە بولمايدۇ. ئۇشبۇ سەۋەبدىن بۇ

بابتا بىز ئەخمەتجان ئوسمان شېئىرىيىتىگە چۈكۈپ كېتىپ، سىمۋوللۇق گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ تەكتىگە قاراپ ماڭماقچى.

## 2) ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئىجادىيىتى ۋە ھايات پائالىيىتى

ئەخمەتجان ئوسمان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ پارلاق ۋەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، 80- يىللاردىن بۇيان كۆپلىگەن نادىر شېئىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ، ئەرەب تىلىدىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بۇ شائىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «گۇڭگا شېئىرىيەت» ئېقىمىنىڭ ئاساسىنى سالغانلىقى بىلەن بۈگۈنكى دەۋىر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان.

ئەخمەتجان ئوسمان قوش تىللىق شائىر بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا نەشىر قىلدۇرغان ئىككى توپلىمى، نۇرغۇن ئايرىم شېئىرلىرىدىن باشقا، يەنە ئەرەب تىلىدىمۇ يەتتە پارچە توپلام چىقارغان. ئۇ ئەرەبچە ۋە باشقا چەت تىللاردىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان كۆپلىگەن شېئىرلارنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئەدەبىيات غەزىنىسىنى بېيىتقان. ئۆزۈم ئەرەب تىلىنى ئوقۇيالمىغاندىن كېيىن، مەزكۇر پاراگرافتا مەن ئەخمەتجاننىڭ ئۇيغۇر تىلىدا بىۋاسىتە يېزىلغان ئەسەرلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرىنى ئاساس قىلدىم. ئەخمەتجاننىڭ شېئىرىيىتىدە ئىزدەنگەن كېيىنكى تەتقىقاتچىلار ئەرەب تىلىدىن خەۋەردار بولسا، بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەخمەتجان ئوسمان 1964- يىلى ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ئۈرۈمچى شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر كۆمۈر كانىنىڭ باشقۇرۇش ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن. كىچىك ۋاقتىدا، چوڭلىرى ئەخمەتجاندا ئۇيغۇر ئاغزاكى شېئىرىيەتكە نىسبەتەن چوڭقۇر قىزىقىشنى ئويغاتقان. بۇخىل قىزىقىش مۇقەررەر ھالدا ئەخمەتجاننىڭ كېيىنكى ئىجادىيەتلىرىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بولىشىغا ئالاھىدە سەۋەب بولغان. 1978- يىلى ئەخمەتجان ئۈرۈمچىدىكى نۇقتىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا تاللانغان.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىدا، ئەخمەتجان بىر توپ ئەدەبىيات ھەۋەسكارى باللار بىلەن دوستلىشىپ، ئۇلار بىلەن ھەر خىل ئەدەبىيات مەسىلىلىرى، بولۇپمۇ «ئىسلاھات ۋە ئېچىۋىتىش» سىياستى ئەمدى ئەمىلىيلىشىۋاتقان شۇ ۋاقىتلاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەھۋالىنى دائىم مۇلاھىزە قىلغان. بۇ بىر توپ باللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار شۇ ۋاقىتتا ئۆزلىرى كۈتكەن بۇ ئۆزگىرىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، ئۆزگىرىشنىڭ ئامىللىرى ھەققىدە قايتا - قايتا مۇلاھىزە قىلىشىپمۇ ئۆزلىرى رازى بولغۇدەك دەرىجىدە ئېنىقلاپ بولالمىغان.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان 1982- يىلى ئىسلاھات ۋە

ئېچىۋېتىش دەۋرىدە چەتكە چىقىپ ئوقۇغان بىرىنچى قاتار ئۇيغۇر باللىرىنىڭ قاتارىدا سۈرىيەدىكى دەمەشىق ئۇنىۋېرسىتىتىگە كىرىپ ئوقۇغان. سۈرىيەگە بارغاندىن كېيىن ئەخمەتجان ئەرەب تىلىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆزلەشتۈرۈپ، بوش ۋاقىتلىرىدا ئىجتىھات بىلەن تۈرلۈك ئەرەبچە كىتابلارنى كۆرگەن. شۇ ۋاقىتتا، ئەرەب تىلىدىكى كىتابلارنىڭ ھەجمى ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتابلارنىڭكىدىن سېلىشتۇرغۇسىز كۆپ ئىدى، شۇڭا بۇ تىلنى ئۆگىنىش ئەخمەتجان بۇرۇن تونۇشالمىغان نۇرغۇنلىغان ئۇچۇرلار بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەرگەن. ئەخمەتجان ئەدەبىياتقا ئائىت ئەسەرلەرنى ئالاھىدە زوق بىلەن قېنىقىپ ئوقۇغان. (ئەخمەتجاننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئەرەبچە ئەسەرلەرنى كۆرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتكەنلىكىنى ئاشۇ ۋاقىتتا بېيجىڭدا ئوقۇغان پەرھات تۇرسۇن، تاھىر ھامۇتەك بىر تۈركۈم ئەدەبىياتخۇمار ئۇيغۇر باللىرىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق يېڭى بىر دۇنيانى بايقىغانلىقى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىشقا بولىدۇ).

ئەخمەتجان دەمەشىق ئۇنىۋېرسىتىتىدا ئەرەب ئەدەبىياتى كەسپىدە باكىلاۋۇرلۇق ۋە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئالغان. سۈرىيەدە ئوقۇغان ۋاقتىدا ئەخمەتجان ئەرەب ئەدەبىياتى دۇنياسىغا چۆكۈپ، نۇرغۇن شائىر-يازغۇچىلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلاپ، ئەرەب تىلىدىمۇ شېئىر يېزىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدىكى شېئىرلىرى سۈرىيەدىمۇ ئالقىشقا ئېرىشىپ، تېخى ئوقۇغۇچى ۋاقتىدىلا «ئىككىنچى يىقىلىش» ۋە «تويلار سىرى» ناملىق ئىككى ئەرەبچە شېئىرلار توپلىمى دەمەشقتە نەشىر قىلىنغان. شۇ چاغلاردىن تاكى ھازىرغىچە، ئەخمەتجان بەزى شېئىرلىرىنى ئەرەب تىلىدا، بەزى شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىپ، ئۆزىنىڭ كۆپلىگەن ئەرەبچە شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ،ئۇيغۇرچە تورلاردا ياكى ھەر خىل ئۇيغۇرچە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىپ كەلگەن. ھەتتا ئەخمەتجاننىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلىنغان ئىككى پارچە شېئىر توپلىمى ئىچىدىكى خېلى كۆپ شېئىرلارنىمۇ شائىر ئەسلى ئەرەب تىلىدا يېزىپ، كېيىن ئۆزى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئەخمەتجان ئوسماننى ئىسمى جىسمىغا لايىق قوش تىللىق شائىر دېيىشكە بولىدۇ.

ئەخمەتجان تەتىللەردە بېيجىڭ، شىنجاڭلارغا قايتىپ كېلىپ، كونا دوستلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەدەبىياتقا قىزىقىدىغان كۆپ يېڭى دوستلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان. ئەخمەتجان دوستلىرىغا ئۆزىنىڭ سۈرىيەدە كۆرگەن بىلگەنلىرى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات توغرىسىدا ئۆگەنگەن ئىزدەنگەنلەرنى سۆزلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ ياشلار ئارىسىدىكى تەسىر دائىرىسى شۇ يىللاردىن باشلاپ كېڭىيىشكە باشلىغان. 1986- يىلدىن باشلاپ ئەخمەتجاننىڭ شېئىرلىرى شىنجاڭدىكى مەتبۇئاتلار يۈزىدە ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئابرويى بىلەن تەسىرى تېخىمۇ كۈچىيىگەن. بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىدا ئۇنىڭ تەسىرى ئالاھىدە كۈچلۈك بولغان. ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، ئەخمەتجاننىڭ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ سىناق سانىدا ئېلان قىلغان ئاۋانگارت شېئىرلىرى جەمئىيەتتە زىلزىلە قوزغاپ، ئۇيغۇرلاردىكى «گۇڭگا شېئىرىيەت»

ئېقىمىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالغان. بۇ پاراگرافنىڭ تۆۋەندىكى بۆلەكلىرىدە مەزكۇر مەسىلىلەر ئۈستىدىن تەپسىلىيرەك مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

ئەخمەتجان سۈرىيەدىكى ۋاقتىدا بىر سۈرىيەلىك ئايال بىلەن توي قىلىپ، 1990- يىلى ئايالى بىلەن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن. ئەمما شۇ ۋاقىتتا كۆڭلىدىكى خىزمەت تاپالماي، بىر مەزگىل سودا بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن. 1992-يىلى ئۇنىڭ «ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى» ناملىق تۇنجى ئۇيغۇرچە توپلىمى نەشر قىلىنغان. ئەخمەتجان 1994-يىلى ئەخمەتجان سۈرىيەگە قايتقان. شۇ چاغدىن ھازىرغىچە ئۇ سۈرىيەدە يەنە بەش پارچە ئەرەبچە شېئىر توپلىمىنى نەشر قىلغان بولسا، ئۇيغۇرچە ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچە ئەدەبىيات تور بېكەتلىرىدە داۋاملىق ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ «روھ پەسلى» ناملىق ئىككىنچى ئۇيغۇرچە شېئىر توپلىمى 1995-يىلى ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

3) <u>ئەخمەتجان ئوسماننىڭ سىمۋوللۇق گۇڭگا شېئىر ئۇسلۇبى ۋە ئەدەبىيات قاراشلىرى</u>

ئەخمەتجان ئوسماننىڭ كۆپ قىسىم شېئىرلىرىدا قوللانغان شېئىرىي تىل نىسبەتەن ئاددىي، ئەمما سىمۋول ۋە مەنىگە باي. ئۇسلۇبى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە سىمۋوللاردىن كۆپ پايدىلانغانلىقىدۇر. ئەخمەتجان ئۆز شېئىرىيىتىدە بەزى سىمۋوللارنى تەكرار قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىنى بىر قەدەر قېلىپلاشتۇرغان. ئەخمەتجاننىڭ بۇ ئادىتى بەلكىم شائىرنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىگە تەسىر قىلغانلار سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلغان كلاسسىك تەسەۋۋۇپ شائىرلىرىنىڭ سىمۋولدىن پايدىلانغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئاشۇ سوپىزمچى شائىرلار مەي، جام، قاۋاقخانا دېگەندەك سىمۋوللارنى خۇداغا بولغان ئىشق، ئىنسان تېنى، مەسچىت دېگەندەك ئوبيېكتلارغا قاراتقان بولسا، ئەخمەتجان كىرپىك، كولدۇرما، يىقىلىش قاتارلىق سۆزلەرنى سىمۋول قىلىپ تاللاپ، شېئىرلىرىدا كۆپ قوللانغان. كىرپىك دېگەن سۆزنى ئالايلۇق، بۇ سۆزنى ئەخمەتجان ئادەتتە ئۆزلۈك، كىملىكنى تەكىتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى مىساللارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

ھەمدە غايىبلىق ئۆز تېنىنى مەندە داۋاملاشتۇردى
مانا بۇ بىزنىڭ كارىۋىتىمىز، سۆيۈملۈكۈم
ئۇ، كىرپىكلىرىمىز ئارىسىدىكى تار بىر بوشلۇقتا تەۋرىنەتتى
**(«قۇم كارىۋاتتىكى ئاخشام»، توردا ئېلان قىلىنغان)**

گويا سوغۇق يۇلتۇزلار سەلكىنىدەك
كىرپىكلىرىم ئارا، شۇئان، ئۆتمەكتىسلەر،

ئەي، ئۆلۈم قىتئەسىدە ئۇلتۇراقلاشقانلار،
بۇندا: تېنىمدە،
ئەي، ئەجدادلىرىم...
**(«ئەجدادلار»، توردا ئېلان قىلىنغان)**

شەبنەم تامغان كىرپىكلەر ئارا
مېھرىم بىلەن ئايغا قارايمەن.
ئاسمىنىڭنى كەزگەن شۇ ئايدىن
تۇپرىقىڭنى سۆيگەن شامالدىن
ئەي، ۋەتىنىم، سېنى سورايمەن.
**(«سېنى سورايمەن»، «ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى» 57 ـ بەت)**

ئەخمەتجاننىڭ دېيىشىچە، بىر شائىرنىڭ زامانى ھېچ زامان، كىملىكى ھېچكىم، ماكانى ھېچيەر. ئۇنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنى شۇكى، چوڭقۇر شېئىرلار ھەممە ئادەمگە چۈشىنىشلىك بولۇشى كېرەك. شائىرنىڭ قارىشىچە، بىر شېئىرنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ مىللەت، دۆلەت، دىن ۋە تىلدىن ھالقىغانلىقىغا تايىنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئىچكى مەنىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، بىر شائىر تاشقى دۇنيادىكى بەزى شەيئىيلەردىن پايدىلانماي تۇرالمايدۇ، شائىر ماددىي دۇنيادىكى نەرسىلەرنى سىمۋول قىلىپ، بۇ سىمۋوللار بىلەن ئىچكى مەنە قاتلىمىنى يارىتىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان روھىيەتنى سۆزلىشى كېرەك. شۇ سەۋەبدىن ئەخمەتجاننىڭ بەزى ئاتالمىش زامانسىز، ماكانسىز شېئىرلىدا ئۆزى تەۋە بولغان مىللەت، ئۆزى ياشىغان يەرلەرگە خاس بولغان بەزى شەيئىلەر كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: «ئەجدادلار» ناملىق شېئىرىدىكى جىن چىراغ، تۆگە قاتارلىق شىنجاڭنى ئەسلىتىدىغان بۇ شەيئىلەر ئەمەلىيەتتە بۇ شېئىردا ئەخمەتجاننىڭ روھىي ماكانى، روھىي ئەجدادلىرىغا قارىتىلغان:

نېمدېگەن سارغايغان-ھە، ئارمىنىڭلار،
غەزىنىلەردەك!
ھەم تاشلاندۇق ئىبادەتگاھتا
توزان باسقان جىنچىراقلاردەك
يۈزۈڭلار تىمتاس!

ھەمدە مەن...
ئۇلتۇرىمەن مۈگدەپ پىنھان چۆلۈڭلاردا
يارىلانغان بىر تۆگىڭلەردەك.

(«ئەجدادلار»دىن)

بۇ يەردە ئەخمەتجاننىڭ شېئىرىيىتىدە ئىككى مۇھىم ئۇقۇم كۆرۈلىدۇ. بىرى، روھىي ئەجدادلار، مەۋھۇم ھەم يەتمەك تەس بولغان روھىي ۋەتەن (پىنھان چۆل). بۇ ئىككىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يەنە بىر ئۇقۇم ئەخمەتجاننىڭ ئىجادىيىتىدە كۆپ ئۇچرايدۇكى، يەنى سۈرگۈنلۈك. لېكىن بۇلارنى چۈشىنىپ يېتىش ئاسان ئەمەس. چۈنكى، ئەخمەتجان ئوخشىمىغان شېئىرلىرىدا بۇ كونكرېتنىي نەرسىلەر بىلەن ھەم تاشقى دۇنيادىكى ماددىي نەرسىلەرگە، ھەم ئىچكى دۇنيادىكى مەنىۋىي نەرسىلەرگە قارىتىدۇ. بۇ نۇقتىنى بىز تۆۋەندە سۆزلەپ ئۆتىمىز.

ئەخمەتجان ئوسمان شېئىرىيىتىنىڭ ھەر خىل ژانىر ۋە شەكىللىرىگە پىششىق، شېئىرىي تىلمۇ ئوخشىمىغان شېئىرلىرىدا خىلى پەرقلىنىدۇ. گەرچە ئەينى ۋاقىتتا بەزى ئوبزورچىلار «گۇڭگا شائىر»لارنى قائىدىسى چىڭ ئەنئەنىۋىي شېئىر ژانىرلىرىدا شېئىر يازالمىغانلىقى ئۈچۈن قائىدىسى يەڭگىل ياكى يوق چاچما شەكىلدە يازغان دەپ تەنقىدلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەخمەتجاننىڭ «تارىم»دا ئېلان قىلغان بەزى غەزەللىرى بۇنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇ شېئىرلارنى ئەخمەتجان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ ئەدەبىياتىدا كلاسسىك ژانىر بولغان غەزەل شەكلىنىڭ تىل بىلەن قائىدە ئالاھىدىلىكلىرىگە ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ يازغان. ئەمما ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە مەنىۋىي دۇنياسى بىلەن سىمۋول تېخنىكىسى يەنىلا روشەن ئىپادىلەنگەن. بۇنى بىز شائىرنىڭ «دىلبەر» دېگەن شېئىرىدىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى مىسرالاردىن كۆرەيلى:

ئەزەلدىن ئۆۋچىمەن ئولجا نېمە بىلمەس ئىدىم ئەمما،
ئۆزۈڭ ھەر ئوۋچىنى ئوۋلايدىغان روھ جەرىنى، دىلبەر.
ئۆزۈڭ نۇر بارمىقى چەككەن پىغانلىق ئەلمىساق تارى،
ساڭا ئىشقىم گويا روھىمدا ۋەھدەت يەلكىنى، دىلبەر.
تېنىم دەرياسىدا ئۈنگەن چىمى سىردەك سېنى ئۆپسەم،
لېۋىڭدىن ئاقتى جانىمغا چېچەكلەرنىڭ قېنى، دىلبەر.
سېنى باغرىمغا باسقاندا ھاياتنىڭ بۆرىسى ھۇۋلار،
يۆگەر مۇردامنى ئاسماننىڭ نۇرانە كېپىنى، دىلبەر.
ئىدىڭ قارنىمدا سەن دۇنيا سولانغان بىر تىرەن شەبنەم،
تېمىپ قۇتلۇق جاراھەتكە ياراتتىڭ جان-جېنى، دىلبەر!

**(«تارىم» ژۇرنىلى 1991- يىللىق 8- سان، 41ــ42- بەتلەر)**

بۇ شېئىرنىڭ بىر بېيىتىدا ئەخمەتجان كلاسسىك شېئىرىيەتتە ئومۇملاشقان ئاشىقنى ئوۋچى، مەشۇقنى جەرەن، ئوۋ، ئولجىغا ئوخشىتىدىغان مېتافوردىن پايدىلانسا، يەنە بىر بېيىتىدا «قۇتلۇق

جاراھەت»دەك گۈڭگا شېئىرىيەتكە خاس لوگىكىغا زىت مېتافورلارنى قوللانغان. گەرچە تاشقى شەكىل جەھەتتىن ئەنئەنىۋى بولسىمۇ، بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنى بىلەن سىمۋوللاردىن پايدىلىنىشى ئەمەلىيەتتە ئەخمەتجاننىڭ چاچما شېئىرلىرىغا ئوخشايدۇ. بۇنىڭدىن بىر پاكىت كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، يەنى ئەخمەتجاننىڭ شېئىرىي رادىكاللىقى شېئىرىي شەكىلگە ئەمەس، بەلكى شېئىرىي مەنىگە باغلىنىشلىق. خۇددى كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىشنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، باشقا شائىرلار سانسىز قېتىم ئېيتىپ بولغان ھېكايە بىلەن ھېكمەتلەرنى يېڭى سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەشكە ئۇرۇنغان ، يېڭىلىقى يوقلارنى كۆزگە ئىلمىغاندەك، ئەخمەتجان ھازىرقى زامان شائىرلارنىڭ ئىچىدە مودا بولغان شەكىل ئوينىتىشقىمۇ قىزىقمايدۇ. شۇ سەۋەبدىن، ئەخمەتجاننى چاچما شېئىرىيەت دېگەندەك بىر شېئىرىي شەكىلنى ئاساس قىلغان ئېقىمغا تەۋە قىلىش ئەمەلىيەتتە يۈزەكى بولۇپ قالىدۇ. ئەخمەتجانغا نىسبەتەن، شېئىرىي شەكىل، شېئىرىي تىل پەقەت بىر خىل ۋاستە خالاس. ئەڭ مۇھىمى ئاشۇ ۋاستىلەر بىلەن ئىپادىلىگەن ئىچكى مەنە.

شۇنداق بولغان بىلەن، بىر شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدە بەزى ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ شەكىللىنىشى تەبئىي. ئەخمەتجاننىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى شېئىرلىرىنىڭ تىلى ئاددىي، چۈشىنىشلىك. ئۆزى ئەرەب تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا تەڭ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغاچقىمىكىن، ئۇنىڭ بەزىبىر ئۇيغۇرچە شېئىرلىرىدا «ۋەھدەت» دېگەندەك بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاز ئۇچرايدىغانراق ئەرەبچە سۆزلەر كۆرۈلىدۇ، ئەمما چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ئەخمەتجاننىڭ شېئىرلىرى تىل جەھەتتىن كىتابخانلارنى قىينىمايدۇ. ئۇنىڭ چاچما شېئىرلىرى كۆپرەك، ۋە لېكىن قاپىيە كېلىدىغان شېئىرلىرىمۇ بار. «قوۇم كارىۋاتتىكى ئاخشام»، «ئەي، ۋەتىنىم... يىراق سۇرگۈنگاھ!» دەك ئۇزۇن شېئىرلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما قىسقا شېئىرلارنى كۆپرەك يازىدۇ.

4) ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدىكى ئاساسلىق تېمىلار

ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شېئىرىيىتىدىكى بىرىنچى ئاساسلىق تېما شائىرنىڭ ھەر قانداق چەكلىمىلەردىن خالىي بولۇشىدۇر. شائىرنىڭ قارىشىچە، شېئىرىيەت ھەر قانداق ئېتىقادتىن خالىي بولۇشى كېرەك. سەۋەب شۇكى، شائىرنىڭ بۇرچى سوئال سوراشدۇر، ئەمما ئېتىقاد بىلەن ئىدىئولوگىيە ھەر قانداق سوئالغا ئاللىقاچان جاۋاب بېرىپ بولغان. ئەخمەتجاننىڭ مۇنداق خىتابلىرى سۈرىيەلىك شائىر ئەدونىسنىڭ بەزى ئېيتقانلىرى بىلەن دىردەكلىككە ئىگە. ئەخمەتجان ئۆز شېئىرلىرىغا يۇقىرى باھا بەرگەن بۇ پىشقەدەم ئەرەب شائىر بىلەن يېقىن پىكىرداش، ھەم شېئىر ۋە تەپەككۇر جەھەتتىن ئەدونىسنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

ئەخمەتجاننىڭ ئېتىقادقا بولغان پوزىتسىيىسى ئۇنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇنىڭ «چۇقان» دېگەن قىسقىغىنا شېئىرى بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە روشەن ئىپادىلىگەنلىكى

ئۇچۇن، تولۇق شېئىرنى بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرەيلى:

نە قىلدى تەڭرى؟
نېچۈن ئۇ ئۇلۇغ؟
مەن ياراتتىم مۆجىزىلەرنى
قىلىپ كۇپۇرلۇق!
ئېزىقتۇردۇم «ئادەم»نى،
پەيدا قىلدىم ئالەمنى.
**(«ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى»، 16 ـ بەت)**

ئەخمەتجاننىڭ بۇ يەردە ئېيتماقچى بولغىنى شۇكى، ئىنسانلار ئەزەلدىن تەڭرىگە خاس دەپ قاراپ كەلگەن ئىشلارنى شائىرلارمۇ قىلالايدۇ. شائىر ئۆز شېئىرىيىتىدە يېڭى بىر دۇنيانى پەيدا قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنى خۇددى جەننەتتىكى ئاشۇ يىلاندەك ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن جەلپ قىلالايدۇ. ئەخمەتجاننىڭ بۇ كۆز قاراشلىرى يەنە «مۆجىزە»، «ياۋايى كاھىن» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن. يېڭى بىر دۇنيانى يارىتىشمۇ بىز بۇ يەردە سىمۋوللۇق گۈزەللىك ئاتىغان ئېقىمنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى. ئۇشبۇ ئېقىمنىڭ بۇ نۇقتىدىكى مەيدانىنى گۈزەللىك شائىر پەرھات ئىلياسمۇ 1988ـ يىلى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «شائىر شۇنداق بولۇشى كېرەككى: ئۇ بارلىق غازاڭ يوپۇرماقلارنى خۇداغا ئايلاندۇرسۇن ھەم بارلىق خۇدالارنى يەنە زېمىنگە ئۇرۇق قىلىپ چاچالىسۇن.»

ئە. ئوسمان شېئىرىيىتىدىكى يەنە بىر ئاساسلىق تېما ئىندىۋىدۇئاللىق بىلەن جەمئىيەتنىڭ قارشىلىشى، يەنە كېلىپ، ئەدەبىياتتا ئىسلاھات يۈرگۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك، ئەخمەتجان ۋە ئۇنىڭ قۇرداش ھەمپىكىر دوستلىرى تولۇق ئوتتۇرىدىكى ۋاقتىدىلا، ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىسلاھ بولمىسا بولمايدىغان بىر پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان. ئەخمەتجاننىڭ كۆپ شېئىرلىرىغا بۇ خىل كۆز قاراشلارنىڭ كۈچلۈك تەسىر قىلغانلىقىنى تۆۋەندىكى مىسراللاردىن كۆرگىلى بولىدۇكى:

يېرىپ چىقتىم تۇتەك ئىچىدىن،
تاشلاپ ئۇندا
كۆللىرىنى ئېسىمنىڭ.
ئۆچۈردۈم
بارچە يوللارنى،
سىزىپ چىقتىم قايتىدىن.

چوققىلارنى تېرىپ تاغلاردىن،
كۆۋرۈك سالدىم—
قىتئەلەرنى تۇتاشتۇرۇپ.
ئارال قۇرۇپ شامالدىن،
توپلىدىم ئاتا
سەرسان يۈرگەن دولقۇنلارنى.
بۈزدۈم،
يىقىلدى ئالدىما ئەرشى ئاسماننىڭ.
**(«ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى»، 3 ـ بەت)**

بۇ شېئىرنىڭ بايان قىلغۇچىسى ئەسنى قورشاپ تۇرىدىغان تۈتۈننىڭ ئىچىدىن يېرىپ چىقىپ، ئېسىننىڭ كۆلى، يەنى ئېسىدىكى كاردىن چىققان نەرسىلەرنى، شۇ يەردە تاشلاپ كېتىدۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن قائىدە، پرىنسىپلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يوللارنى ئۆچۈرۈپ، ئۆزى تاپقان يۆنىلىشكە ۋەكىللىك قىلىنغان يېڭى يوللارنى سىزىپ چىقىدۇ. ئالدىغا ئۇچرىغان جۇغراپىيىلىك شارائىت بىلەن مېترولوگىيىلىك مۇھىتنى خالىغانچە ئۆزگەرتكەچ يۈرۈپ كېتىپ، ئاخىرى ئەرشئالا ئۆزى ئالدىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەخمەتجان بۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بىكىتىپ بەرگەن ھايات يولىدا ماڭالمايدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ يولىنى تاپماقچى بولغىنىنى جاكارلايدۇ.

بۇ ئىستەكلەر شائىرنىڭ «خاقان» دېگەن شېئىرىدىمۇ ئىپادىلەنگەنكى:

كەلدىم ھۆركىرەپ...
سورىمىغىن كەلدىم قەيەردىن.
خالىغانچە ئاتىغىن مېنى،
بوران دەمسەن،
ئەزرائىلنىڭ ئوبرازى ياكى،
باردىم قومۇرۇپ
ئىمزا قويغان دەرەخلىرىڭنى
كېلىشمىگە.
بارىمەن يالماپ
خەرىتەڭنى سىزغان سۇلارغا،
نۇرغۇنلىغان پۈتۈم ئاستىدا
يانجىلماقتا تارازىلىرىڭ.
**(«ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى»، 10 ـ بەت)**

بۇ شېئىرنىڭ مەنىسى يۇقىرىقى شېئىرنىڭكىدەك ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما مېنىڭچە ئۇ يەنىلا ئەخمەتجاننىڭ ئىسلاھات روھى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ شېئىرنىڭ بايانچىسى باشقىلار ئۆز ئىسىملىرىنى ئويدۇرغان دەرەخلىرىنى قومۇرۇپ، باشقىلار ئۆزلىرىگە تەۋە قىلماقچى بولغان ئېدىيىۋى زېمىننى ئۇلارنىڭ كونتروللۇقىدىن تارتىۋالماقچى. بايانچى تەرىپىدىن ئۆچۈرۈلگەن شۇ خەرىتىلەرنى يۇقىرىقى شېئىردىكى ئۆچۈرۈلگەن يوللار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ. باشقىلارنىڭ قىممەت قارىشىغا سىمۋوللۇق قىلىنغان تارازىلار بايانچىنىڭ پۇتى ئاستىدا يانجىلىپ كەتكەنلىكى بايانچىنىڭ ئۆزىگە خاس قىممەت قاراشلىرىنى بەرپا قىلماقچى بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسى ئە. ئوسمان شېئىرىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، ئەمما شائىر ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەن سۆزنى ئىككى خىل ئىشلىتىدۇ. ئۇ كۆپ شېئىرلىرىدا ۋەتەن، سۆرگۈنلۈك، ئەجداد دېگەندەك ئۇقۇملارنى كونكرېت ۋەتەن، سۆرگۈنلۈك، ئەجدادلارغا قاراتماي، بەلكى مەۋھۇم ھەم مەجاز خاراكتېرلىق نەرسىلەرگە قارىتىدۇ. ئەمما، ئەخمەتجاننىڭ پۈتۈن شېئىرىي ئىجادىيىتىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلغاندا، بۇ ئۇقۇملارنىڭ قەيەرلەردە ئەسلى مەنىسىدە، قەيەرلەردە كۆچمە مەنىسىدە قوللىنىلغانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنىدىكى ۋەتىنىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندا، ئۇ شۇ ۋەتەنگە خاس شەئىيلەردىن پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن: «ئەي، ۋەتىنىم... يىراق سۈرگۈنگاھ!» دېگەن شېئىرىدا، ئەخمەتجان ۋەتەن بىلەن سۈرگۈنگاھ دېگەن سۆزلەرنى كۆپ تىلغا ئېلىپمۇ، ئەمما شىنجاڭ ياكى ئۇيغۇرلارغا خاس ھېچ قانداق نەرسىنى تىلغا ئالمايدۇ.

ئەمما «بۆشۈك لىرىكىسى» دېگەن شېئىرنىڭ تېمىسى ئېنىقلا ئەخمەتجاننىڭ خەلقى بولغان ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن ئەخمەتجاننىڭ ۋەتىنى بولغان شىنجاڭ:

كىچىكنى چوڭ قىلغان،
ئەتىۋارنى ئۇلۇغ قىلغان —
بۆشۈك بۇ.
تېشى تۈنۈگۈنلا
تاتىمىغانمىدى ئۇندا
«دىۋان»نى يازغان؟
سادىر پالۋان...؟
تېگى يۇمشاق،
مېھرى ئوچاق —
بۆشۈك بۇ.
**(«ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى»، 42ـ43ـ بەت)**

ئەخمەتجاننىڭ سۇرىيەدە ئوقۇۋاتقان دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا يازغان «سېنى سورايمەن» (1982-يىلى) ناملىق شېئىرىدا ئۇيغۇر مىللىتى ياكى ماكاننى ئەسلىتىدىغان كونكرېت ئىماگلار بولمىغان بىلەن، ئەمما بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنى بولغان يۇرتنى سېغىنىشنىڭ بۇ يەردە بەش سەزگۈنىڭ تۇيغۇلىرى ئارقىلىق تەسۋىرلەنگەنلىكى شۇ سېغىنىشنىڭ ئوبيېكتىنىڭ ھەققەتەن ئەخمەتجاننىڭ كونكرېت ماكانى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ بېرىدۇكى:

ئاخشاملىرى چىقىپ تالاغا،
قەلبىمنى پاك ھېسقا ئورايمەن.
مەغرىپ تامان ئۇچقان شامالنى
ھۇزۇرلىنىپ ئۇزاق پۇرايمەن.
شەبنەم تامغان كىرپىكلەر ئارا
مېھرىم بىلەن ئايغا قارايمەن.
ئاسمىنىڭنى كەزگەن شۇ ئايدىن
تۇپرىقىڭنى سۆيگەن شامالدىن
ئەي، ۋەتىنىم، سېنى سورايمەن.
**(«ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى»، 57- بەت)**

شائىر سۇرىيەدە نەچچە يىل ئوقۇغاندىن كېيىن يازغان «سادىر يېتىم قالغان بەش بالىسىنى ئىزدەپ» دېگەن شېئىرى ئوقۇرمەنگە تاتلىق سېغىنىش ئەمەس، بەلكى ئازاپلىق سېغىنىشنى تۇيدۇرىدۇ. ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ، مانجۇ زالىملىرىغا قارشى ئۇزۇن مەزگىللىك جەڭ قىلغان سادىر پالۋان ئەمدى يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، بالىلىرىنى كۆرۈشكىنىدىن مىسلىسىز خوشال، ئەمما ئۇزاق ۋاقىت بالىلىرى، ۋەتىنىنى دەپ جەڭ قىلغان قەھرىمان بالىلىرىنى كۆرگەندە ،ئۇلارنىڭ تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇكى: بىرىسى كاۋابدانغا ئايلانغان، بىرىسى شەپەرەڭگە، بىرىسى جۇدۇنغا، بىرىسى گۆرگە. بۇ سىمۋوللار ئەخمەتجاننىڭ ئۆز خەلقىنىڭ قىسمىتىدىن چوڭقۇر ئەندىشە قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ۋەتەن ۋە ئەجدادلار دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش، سۇرگۈن دېگەن سۆزنىڭ ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شېئىرىيىتىدىكى رولى ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بۇ سۆزنىڭ كونكرېتنىي رولى «تەگمىگەن خەت» دېگەن شېئىردا كۆرۈلىدۇ:

كەتكىنىڭدە بولالمسام قېشىڭدا ئانا،
ئارمانىمنى تۇزلىغايسەن يېشىندا ئانا.
قات-قات چېگرا ئارقىسىدا قالدى ئاۋۇندەك،

قۇشتەك ئەگىپ يۈرگەن چاغلار يېشىڭدا ئانا.
**(توردا ئېلان قىلىنغان)**

ۋەتەندىن ئايرىلىپ چەتتە تۇرۇۋاتقان شائىر يۇقىرىقى شېئىردا ئانىسى بۇ دۇنيادىن كەتكەن چاغدا ئۇنىڭ قېشىدا بولالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بۇ تەسىرلىك مىسرالارنى يازغان. بۇ يەردىكى سۈرگۈنلۈك، ۋەتەندىن ئايرىلىش ئۆز مادىدىي ۋەتىنىدىن ئايرىلىشدۇر.

يۇقىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان «ئەي، ۋەتىنىم... يىراق سۈرگۈنگاھ!» ناملىق شېئىرىدىكى سۈرگۈنلۈك باشقىچە:

بۇ لەھزىدىن مەن سورايمەن ئۆزۈمنى:
قانداق زېمىن بولۇشى مۇمكىن؟!
قۇلاق سالىمەن: ئۇندا ئازاپ چاقىرماقتا،
شۇنچە يىراق بىر يەردە،
ئويغىتىدۇ مەندە ھەتتا مۇساپىنىڭ ئىشتىياقىنى،
قەبرىلەردە قاغجىرىغان شاخلارغا قونغان
قاغا ئۇندەك...
ھەم بىلدۇرەر ماڭا دېڭىز كەڭلىكىنى
سۈرگۈنگاھ مابەينىدە،
ئۇندا يەنە مىراسخور قۇشلار
كەلگۈسى ئاراللاردىن بېرەر بىشارەت.
**(توردا ئېلان قىلىنغان)**

بۇ شېئىردا ئەخمەتجان ئۆزىنىڭ روھىي سۈرگۈنلۈكىنى سۆزلەپ، بۇ سۈرگۈنلۈكنى بىر كەڭرى ئوكيانغا ئوخشىتىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ ئىز باسارلىرىنى ھەم مىراسخور قۇشلارغا ئوخشاتسا، ھەم يەنە ئۇلارنى بۇ كەڭ ئوكياندىكى باش پاناھ بولالايدىغان ئاراللارغا ئوخشىتىدۇ. بۇ شېئىردا ئۇيغۇرلار ياكى شىنجاڭغا خاس بولغان ھېچ قانداق نەرسە يوق؛ بۇ شېئىردىن دۇنيادىكى ھەر قانداق تىل، ھەر قانداق مىللەتكە تەۋە ئادەملەرنىڭ ھەممىسى، بولۇپمۇ شائىردەك ئىجادكار روھقا ئىگە ئادەملەر ئوخشاشلا تەسىرلىنەلەيدۇ. يەنى، بۇ شېئىر ئەخمەتجاننىڭ ئىدىيىسى بويىچە ئېيتقاندا، چوڭقۇر شېئىرنىڭ ئۆلچىمىگە توشقان شېئىردۇر.

5) ئەخمەتجان ئوسمانغا تەسىر كۆرسەتكەن شائىر، ئېقىم ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر

ئەخمەتجاننىڭ «ئەجدادلار» دېگەن شېئىرى ئەسلى شائىرنىڭ «گويا» ناملىق ئەرەبچە

تويلىمىدا چىققان بولۇپ، شائىر شېئىردا ئەجدادلىرىنى ئۇلۇغلايدۇ. ئەخمەتجاننىڭ بۇ يەردە كۆرسەتمەكچى بولغان ئەجدادلىرى ئۆزىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار ئەجدادلىرى ئەمەس، بەلكى ئۆزى خالاپ تۇتقان روھىي ئەجدادلىرى. بۇ شېئىردا ئەخمەتجان ئۆزىنىڭ شۇ ئەجدادلىرىنىڭ شېئىرىي ۋە ئىدىيىۋىي ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولغانلىقى، شۇ ئەنئەنىنىڭ ئۆز قەلبىدە ياشاۋاتقانلىقىنى تەكىتلىمەكچى بولىدۇ. بەزى ئوبزورچىلار ئەخمەتجان بىلەن بىر قاتاردىكى شائىرلارنى ئەنئەنىگە قارشى دەپ قەيت قىلىسمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئەخمەتجان ئۆزىنىڭ شۇ ئەنئەنىدىكى ئورنىنى ناھايىتى ئاڭلىق ھېس قىلىدۇ، ھەم بۇ ئەنئەنىگە نىسبەتەن ناھايىتى ئېغىر مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا قارايدۇ.

1980-يىللىرىنىڭ ئالدى كەينىدە، ئەخمەتجان بىلەن بىر ئەدەبىي يول تۇتقان دەۋرداش دوستلىرى قۇربان بارات، بۇغدا ئابدۇللا، ئارسلان، ۋە ئوسمانجان ساۋۇتتىن ئىبارەت تۆت ئۇستاز تۇتقان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قۇربان بارات ئۇيغۇرلارنىڭ تىپىكجان ئېلىيوپ ۋەكىللىك قىلغان ئەنئەنىۋىي شېئىر شەكلىدىن بىر قەدەر ھالقىپ چىققان شائىر؛ بۇنىڭ قىزىقارلىق يېرى، قۇربان بارات كېيىن گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىغا ئەڭ قاتتىق قارشى چىققان ئاتالمىش ئەنئەنىچى شائىرلارنىڭ بىرىسى بولۇپ، ئۇ بۇ ياش شائىرلارنىڭ ئەنئەنىدىن بەك چەتنەپ كەتكەنلىكىنى تەنقىدلىگەن.

ئەخمەتجان پەرھات ئىلياسنىڭ بۇغدا ئابدۇللانى تۇنجى گۇڭگا شائىر دېگەنلىكىگە قوشۇلمايدۇ. ئەخمەتجاننىڭ قارىشىچە، سەنئەت ۋە تەپەككۇر دۇنياسىدىكى ھەر بىر ئېقىمنىڭ دادىلىرى، ئانىلىرى بولىدۇ، ھەم بۇغدا ئابدۇللا ئۇيغۇرلاردىكى گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ دادىلىرىنىڭ بىرى.

شائىر ئەخمەتجان سۆرىيەگە چىقىشتىن ئىلگىرى،پىكىرداشلىرى بىلەن بىرگە ۋىردزۋىرت (Wordsworth)، بايرىن (Byron) دەك ئىنگلىز رومانتىك شائىرلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشقا باشلىغان. ئۇلار شۇ چاغقىچە ئاساسەن پەقەت سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئىدىيىسى ماقۇل كۆرگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىلا كۆرەلىگەن بولغاچقا، ئۇلارغا نىسبەتەن بۇ رومانتىك شائىرلار ناھايىتى يېڭى بىر ئەدەبىي ھادىسە بولۇپ تۇيۇلغان. پەرھات تۇرسۇن بىلەن ئابدۇقادىر جالالىدىنمۇ بۇ شائىرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى ئەدەبىي چۈشەنچىلىرىگە مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ھەر ئىككىسى «غەزىنە گىرۋەكلىرى» دېگەن چەتئەل شېئىرلار تويلىمىنىڭ شۇ يىللاردا ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ تەسىرىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. بۇ شېئىر تويلىمىدىكى شېئىرلارنىڭ چوڭ سالمىقىنى رومانتىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىگەلىگەن.

ئەخمەتجان بىلەن باشقا گۇڭگا شائىرلار كلاسسىك تەسەۋۋۇپ شائىرلىرىنى ئۆز ئىجادىيىتىگە تەسىر قىلغان دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەخمەتجاننىڭ دېيىشىچە، تۈرك سوپىزم شېئىرىتىنى تەتقىق قىلماي، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، «ئىلغار»، ئومۇملاشقان دىنىي چۈشەنچىلەرنى جەڭگە چاقىرغان تەسەۋۋۇپ شائىرلىرى گۇڭگا

شېئىرىيەتنى سۇغارغان مۇھىم بۇلاقلارنىڭ بىرىسى. 18-ئەسىردىكى تەسەۋۋۇپ شائىرى بابا رەھىم مەشرەپ گۇڭگا شائىرلارغا نىسبەتەن ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ 1970-يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 1980-يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا قايتىدىن بېسىلىشقا باشلىغانلىقى، كېيىن گۇڭگا شائىر بولۇپ يېتىشىپ چىققان ياشلارنىڭ ئىجادىيەت تەرەققىياتىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ئىش بولغان. بۇ ياش ئەدەبىياتچىلار مەشرەپنى ئەلىشىر نەۋائىدىنمۇ چوڭ كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆز ھاياتى بىلەن شېئىرىيىتىنى بىرلەشتۈرگەنلىكىگە ناھايىتى قايىل بولغان. مەشرەپ ئۆز تۇرمۇشىدا خۇددى ئۆز شېئىرىيىتىدىكىدەك تەۋرەنمەس ئىرادىلىك، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى قانداق قارىشىغا قىزىقمايدىغان ئادەم.

ئەخمەتجاننىڭ سۈرىيەگە چىقىشىدىن بۇرۇنقى ئاشۇ يىللاردا، بۇ تۈركۈم ياش ئەدەبىيات ئىسلاھاتچىلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغان. ئەمما ئۇلار چەت ئەلنىڭ مودېرنىزم ئەدەبىياتى بىلەن ئۇچرىشىشقىچە بۇ كۆز قارىشىنى كۆڭلىدىكىدەك ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان. ئەخمەتجان ئۈچۈن، بۇ ئۇچرىشىش سۈرىيەدە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا بولغان. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئەخمەتجان شۇ ۋاقىتتا ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ۋە ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى توختىماي كۆرگەن. سۈرىيەدىكى نۇرغۇن قەلەمكەشلەر بىلەن تونۇشقان. ئۇنىڭ شۇ ئەسەرلەر ۋە يازغۇچىلاردىن، ئۆز ئىجادىيىتىگە ئەڭ تەسىر قىلغانلىرى مودېرنىزملىق ئىجادىيەت يولىنى تۇتقانلاردۇر.

ئەخمەتجان ئوسمان شېئىرىيىتىگە تەسىر قىلغان ئوتتۇرا شەرقنىڭ يەنە بىر خىل ئەدەبىيات بايلىقى شۇ رايوننىڭ قەدىمكى مۇھەببەت لىرىكىلىرىدۇر. تەۋراتتىكى «ناخشىلارنىڭ ناخشىسى»، سومېر خارابىلىرىدىن قېزىۋېلىنىپ، ھازىرقى زامان ئەرەب تىلىدا ئېلان قىلىنىپ چوڭ قىزىقىش پەيدا قىلغان «ئىنانا-دۇمۇزى سېكىلى»دەك ئەسەرلەر ئەخمەتجاننىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى ئىجادىيىتىگە مۇھىم ئىلھام بولغان. بۇ تەسىر ئەخمەتجاننىڭ «قۇم كارىۋاتتىكى ئاخشام» دېگەن ئۇزۇن شېئىرىدا ناھايىتى كۆرۈنەرلىك. شۇنداقلا، بۇ شېئىر چىققان توپلام «مەن ئولتۇراقلاشقان سومېر خارابىلىقىدا»نىڭ نامىدا ئەكس ئەتكەن.

## 6) ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى

«ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى» دېگەن توپلام ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئۇيغۇر تىلىدا چىققان تۇنجى شېئىر توپلىمى. ئۇنىڭدىكى ئىككىنچى شېئىر بەش قىسقا مىسرادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، كىتابنىڭ ئومۇمىي چىقىش نۇقتىسىدىن دېرەك بېرىدۇ:

ھەر كۈنى سەھەر
ئۆۋىسىدىن چىقىدۇ يوللار

ئۇۋلاشقا مېنى.

مەخلۇقمەن يوچۇن،
سوئال ئۇنەر ماڭغان ئىزىمدىن...
**(«ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى»، 2 ـ بەت)**

بۇ ئاددىي شېئىردا ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات، ئۇنىڭدا قوللىنىلغان مېتافورا باللارنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ يەردە، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتلىرىدا، يوللار ئىنسان دۇچ كەلگەن تاللاشلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بايان قىلغۇچى ھەر خىل پەندى-نەسىھەتكە ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ توختىماي سوئال سورايدىغان كاللىسى ئۇنىڭ مەلۇم بىر يولغا كىرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇ ھېسسىيات پۈتۈن توپلامغا سىڭگەن. توپلامدىكى كۆپ لىگەن شېئىرلاردا بايانچى ياكى تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژ سوئال سورىماسلىق، مۇمكىنسىز نەرسىلەرنى ئىزدەنمەسلىكنى تېخى ئۆگەنمىگەن بالا بولغاچقا، ئوقۇرمەنىنىڭ مۇقىملىشىپ بولغان دۇنيا قاراشلىرىنى جەڭگە چاقىرىدۇ.

توپلامدىكى بەزى شېئىرلارنىڭ بايانچىسى باللار، يەنە بەزىلىرىنىڭ بايانچىلىرى باللىق ۋاقىتلىرىنى ئەسلەۋاتقان چوڭلار، «قوشاق»، «يىغا لىرىكىسى» ۋە «باللىق لىرىكىسى»دا يوقىلىپ كەتكەن باللىق بىلەن سەبىيلىك ئەسلىنىدۇ. شۇنداقلا، يىراقتا قېلىۋاتقان باللىقىغا قاراپ چوڭقۇر ئۇھسىنىدۇ. «تاۋۇت لىرىكىسى» بىلەن «ناخشا ئېيتىپ كېلىمەن، ئانا» ئوقۇرمەننى باللىقتىكى سەبىيلىكنىڭ ئەمەلىيەتتە چوڭلارنىڭ ئۆزلىرى ئۇچۇن توقۇپ چىقارغان بىر خام خىيال ئىكەنلىكىنى، سەبىيلىكنىڭ پەقەت چوڭلار تەرىپىدىن يۆكلەنگەن بىر شېرىن خىيال ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭدىن گۇمانلاندۇرىدۇ. شائىر باللارمۇ سەبىي بولۇشى ناتايىن دەپ قارايدۇ. «ناخشا ئېيتىپ كېلىمەن ئانا» دېگەن شېئىرنى كۆرۈپ باقايلى:

كەلدىم دۇنياغا
يۇدۇپ يەلكەمدە ئۇمىدلىرىڭنى.
بۆشۈكۈمدىلا تۇيغانىدىم
ئېغىرلىقىنى بۇ دۇنيانىڭ.
**(«ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى»، 67 ـ بەت)**

باشقا شېئىرلار باللىقتىكى بىگۇناھلىق، دانىشمەنلىكتىن ئۆتۈپ، ئۆسمۈرلۈك-ياشلىقتىكى دۇنيانى جەڭگە چاقىرىش ھېسسىياتىنى سۆزلەيدۇ. «روبىنسون كروزو» دېگەن شېئىرنىڭ بايانچىسى ئۆزى چوڭ بولغان دۇنيادا چەكلىنىپ قېلىشقا، ئۇ يەردە سولىنىپ چىدىيالمايدۇ. ئۇ

چوقۇم ئۆزىنىڭ دۇنياسىنى قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. ئۇنىڭ تېرىسى ئۆزىگە بەك كىچىك بولۇپ قاپتۇ، پەقەت ئىمكانىيەت چەكسىز بولغان ئۇپۇق ئۇنىڭغا يېتىدۇ. ئۇ بىلىدىغان بارچە ئەپىنەكلەر يوقىلىشى كېرەك، يېڭى ئەپىنەكلەر ئۇچۇن ئورۇن بوشىتىلىشى، ئۇنىڭ بۇ يەردىكى كۆرسەتمەكچى بولغىنى چوقۇم كۆپ ئادەم تەرىپىدىن ئەپىنەككە ئوخشىتىلغان ئەدەبىيات بولسا كېرەك، ھەم شائىرنىڭ مەقسىتى بۇ ئەپىنەكنىڭ يېتىشمەي قالغانلىقىنى تەكىتلەشتۇر.

«روھ پەسلى» ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئىككىنچى ئۇيغۇرچە شېئىر توپلىمى بولۇپ، 1996-يىلى، يەنى ئەخمەتجان ئوسمان شىنجاڭدىن ئايرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ ھەجمى «ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى»دىن تەخمىنەن بىر ھەسسە كىچىك. بۇ توپلامدىكى شېئىرلارنىڭ ھەم مەزمۇنى، ھەم ۋەزنى ئالدىنقى توپلامدىكىلەردىن ئېغىر. توپلامدىكى بالىلارنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئەسلىتىدىغان ئاز بىر قىسمىدىكى شېئىرلىرى «ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى»دىكى شېئىرلار بىلەن بىر مەزگىلدە يېزىلغان شېئىرلىرى «ئەتە» (1985)، «شامال ھەققىدە چۆچەك» (1986) قاتارلىقلار. بۇ شېئىرلار ئېھتىمال ئالدىنقى توپلامغا كىرگۈزۈلمەي قالغان شېئىرلار بولۇشى مۇمكىن. «روھ پەسلى»دىكى بەزى شېئىرلار جىنسىيەتنى «ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى»دا كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تىلغا ئالىدۇ، «تەن» دېگەن شېئىر بۇنىڭ بىر گەۋدىلىك مىسالى.

تۈزۈلۈش جەھەتتىنمۇ «روھ پەسلى»دىكى كۆپ ساندىكى شېئىرلارنى مۇرەككەپلىك ھەم ئابستراكتلىق جەھەتتىن «ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى»دىكى شېئىرلار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئالدىنقى توپلامدىكى بۇ شېئىرلارغا ئوخشايدىغان بىردىن بىر شېئىر «سادىر يېتىم قالغان بەش بالىسىنى ئىزدەپ» ناملىق شېئىر .بۇ شېئىر «روھ پەسلى»دىكى ئەڭ ئاخىرقى شېئىرى بولۇپ، بەلكىم ئەخمەتجاننىڭ كېيىن «روھ پەسلى»دە تولۇق گۈللەنگەن بىر ئىجادىيەت دەۋرىدىن دېرەك بەرگەن بىر دەسلەپكى شېئىر بولۇشى مۇمكىن.

«ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى» دېگەن توپلامدىكى شېئىرلار چۈشىنىشلىك بولسا، «روھ پەسلى»دىكى بەزى شېئىرلار دەل ئەكسىچە. بولۇپمۇ بۇ توپلامدىكى «يارىلىش يىلناملىرى» دېگەن ئۇزۇن شېئىرنى چۈشىنىش ناھايىتى تەس:

ئاشىق جەستى سېسىۋاتقان كارىۋات ئۈستىدە
تولغاق يېگەن ئايالنىڭ كۆز گۆھىرى
تەنھا دەرەخ ياپراقلىرىدىن تامغان ئۇچقۇننى
سۈمۈرگەننى كۆرۈپ يىراقتىن
ئېشىدىن قاقشان ھالدا داتلارنى
قوپماقتا قىلىچ.
**(«روھ پەسلى»، 15- بەت)**

ئەمەلىيەتتە بۇ مىسرالاردىكى ئوخشىتىشلار ئۆزگىچە بولسىمۇ، ئەمما بۇ جۈملىنىڭ مۇرەككەپلىكىدىن ئوقۇرمەن ئۇنىڭ گراماتىلىق مەنىسىنى چۈشىنىشلىشقا دىققىتىنى يىغىپ، قايتا-قايتا كۆرۈشى كېرەك. بەلكىم ئوقۇرمەن شائىرنىڭ بۇ خىل شېئىرلىرىنى ئوقۇپ ئادەتلەنمىگەن بولسا، ئۇنى چۈشىنىپ بولغىچە پەيزى قاچىدۇ. ھەم «روھ پەسلى»دىكى «شەبنەم سايىسى»دەك بەزى شېئىرلاردىكى ئوخشىتىشلار ئىجادىي ھەم گۈزەل بولغان بىلەن، ئەمما بەك قويۇق بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن شېئىرلار ئۆز رىتىمىنى يوقىتىپ، ئوقۇرمەننى قىينايدۇ. (ئەمما بۇ يەردە بىر نەرسىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، «روھ پەسلى»دىكى «شەبنەم سايىسى»، «تەن» ۋە «قۇياش ئەقىدە» دېگەن شېئىرلىرىنىڭ بەزى مىسرالىرىنى شائىر كېيىن ئۆزىنىڭ «قۇم كارىۋاتتىكى ئاخشام» دېگەن قالتىس شېئىرىغا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كىرگۈزگەن.)

7) ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ۋە كەڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى تەسىرى

گەرچە «ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش»نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئەدەبىياتتىكى بەزى يېڭى قاراشلار «گۇڭگا شېئىرىيەت»كە مەلۇم مەيدان - سەھنە ھازىرلاپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلاردىكى «گۇڭگا شېئىرىيەت» ئېقىمى ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1986-يىللىق سىناق سانىدا رەسمىي تۇردە باشلانغان. 1984-يىللىق تەتىلدە، ئەخمەتجان سۇرىيەدىن قايتىپ، بېيجىڭ، ئۈرۈمچىلەردە ئوقۇۋاتقان قەلەمكەش دوستلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ سۇرىيەدە ئۇچراتقان بەزى ئەدەبىيات يۈزلىنىشلىرىنى مۇلاھىزە قىلىشقان. «تەڭرىتاغ»نىڭ دەسلەپكى سىناق سانىدىلا ،ئەخمەتجاننىڭ تەسىرىنى ئۆز ئىجادىيىتىدە كۈچلۈك ئىپادە قىلغان ئىلغارجان سادىقتەك بەزى شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بېسىلغان. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئەخمەتجاننىڭ ئىزىنى باسقان زاھىر ئابدۇراخمان، ئەركىن ئىبراھىم قاتارلىق يەنە بىر تۈركۈم ياش شائىرلار ۋە ئۇلارنىڭ شېئىرىيەت ئېقىمى «گۇڭگا» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات ساھەسىدە ئەڭ كۆپ مۇزاكىرە قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

مەيلى گۇڭگا ئېقىمغا تەۋە بولسۇن ياكى تەۋە بولمىسۇن، نۇرغۇن ئۇيغۇر شائىرلار ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئۆز ئىجادىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. 1992-يىلى پەرھات تۇرسۇن ئاللىقاچان ياش شائىر ئۆمەر يۈسۈپ ئەھمىدىنىڭ ئەخمەتجاننىڭ ئۇسلۇبىسىنى بەك دورىۋالغانلىقىنى بىر ماقالىسىدە تەنقىدلىگەن.

ئەخمەتجاننىڭ شېئىرىيەتكە ئائىت كۆز قاراشلىرى ئوسمانجان مۇھەممەد پاسىئان بىلەن شاھىپ نۇربەگدەك بىر تۈركۈم ياش شائىرلار يېقىندا باشلىغان ھېچنىزم شېئىرىيەت ھەرىكىتى تۈرتكە ۋە ئىلھام بولغان. بۇ شائىرلار بولۇپمۇ ئەخمەتجاننىڭ شائىرنىڭ زامانى ھېچ زامان، ماكانى ھېچ ماكان دېگەندەك خىتابلىرىنى ئۆز ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ مۇھىم پرىنسىپ قىلغان.

ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى تەسىرى بەزى شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدە

پەۋقۇلاددە روشەن كۆرۈنىدۇ، بۇنىڭغا بىز باتۇر ئىسرايىلنىڭ 94- يىلى ئېلان قىلغان تۆۋەندىكى «مەن ئوغرى» ناملىق شېئىرىدىن كۆرەيلى:

مەن ئوغرى،
ئوغرىلايمەن سىرلىرىنى دۇنيانىڭ.
مەن ئوغرى،
تىمىسقىلاپ ھەريان كېزىپ يۈرەر
خىيالىم
چاقمەن ئىشىكلىرىنى سوئاللارنىڭ.
مەن ئوغرى،
كىرگىنىمدە ئوغرىلىقچە،
بىلىپ قالىمەن
كۆپ يۈرەك ئۆلگەنلىكىنى.
**(«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 94- يىللىق 5- سان، 93- بەت)**

يۇقىرىقى شېئىرنىڭ شائىر ئەخمەتجاننىڭ «روبىنسون كرۇزو» ناملىق شېئىرىدىن ئىلھام ئالغانلىقىنى ئەخمەتجاننىڭ شۇ شېئىرىنىڭ بەزى مىسرالىرىغا قاراپلا ھېس قىلغىلى بولىدۇ:

چاقاي ئەمدى بارچە ئەينەكنى،
قالدى ئۇ
كۆرستەلمەي سىرىمنى.
ئىزدىشىم كېرەك
مەن ئىستىگەن ئاشۇ تەڭرىنى
قىلىشقا سەجدە.
يىرتاي تېرەمنى،
ئۆزۈم ئاڭا قالدى سىغالماي،
كىيىۋالاي ئۇپۇقنى.
كېتىشىم كېرەك
سوئالىمغا سولاپ جاھاننى.
**(«ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى»، 7- بەت)**

مەڭلىك كېرەمنىڭ «پەردازسىز شېئىر» دېگەن ئەسىرىدە ئەخمەتجان ئوسماننىڭ تەسىرى باتۇر

ئىسرايىلنىڭ شېئىرىدىكىدەك يالىڭاچ بولمىسىمۇ، لېكىن شائىر ئەخمەتجاننىڭ ئەسەرلىرىنى تەپسىلىي كۆرگەن ئادەم بەزى ئورتاقلىقلارنى ھېس قىلماي قالمايدۇ:

ئېتىقادتىن كۆلگەن ئەقىدەم
قانات كېرىپ قوپال قۇش كەبى
ئۇچۇپ كەتتى دېڭىزغا قاراپ.
* *
يۇرىكىم كۆزۈڭدىن تاپتى ئاسماننى
كۆكسۈڭدىن لېۋىمگە ئاقتى بىر
چاقماق.
**(«تەڭرىتاغ» 95- يىللىق 1- سان، 51- بەت)**

يۇقىرىقى مىسرالاردا ئادەملەشكەن ياكى ھايۋانلاشقان ئابستراكت ئۇقۇملار، شەكلى ھەم يەڭگىللىكى بىلەن باللار شېئىرلىرىغا ئوخشايدىغان بەزى خۇسۇسىيەتلەر ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى» دېگەن توپلامدىكى بەزى شېئىرلارنى ئەسلىتىدۇ، مەسىلەن:

ئەركىنلىك
مەست بولدى شاراب ئىچىپ،
كوچىدىلا ئۇخلاپ قالدى ئۇ.
ئېلىپ قاچتى ئۇنى يۇلتۇزلار،
شۇندىن بېرى
پەيدا بولدى ئاسماندا
قۇياش.
**(«ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى»، «يېڭى چۆچەكلەر»، 70ـ بەت)**

باتۇر ئىسرايىل ۋە مەڭلىك كېرەمنىڭ يۇقىرىدىكى شېئىرلىرىدىن ئەخمەتجان ئوسماننىڭ بەزى ياش ئۇيغۇر شائىرلىرىغا نەقەدەر زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. لېكىن ئەخمەتجاننىڭ تەسىرى شېئىرىيەتتە چەكلىنىپلا قالماي، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ باشقا ساھەلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن، داڭلىق ناخشىچى ئەركىن ئابدۇللانىڭ «مىڭ بىر كېچە» دېگەن پلاستىنكىدىكى «مىڭ بىر كېچە» دېگەن ناخشا ئەخمەتجاننىڭ «مىڭ بىر كېچە خاتىمىسى» دېگەن شېئىرىنى تېكىست قىلغان. بۇنىڭدەك رېئاللىقتىن ئەخمەتجاننىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن چوڭقۇر تەسىرىنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىن ھالقىپ، باشقا ساھەلەردىمۇ

ئىپادىلەنگەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

## 3.2: گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ كونكرېت يۆنىلىشى

1) رېئال دۇنيانىڭ گۇڭگا ئەينەكتىكى ئەكسى

مەن يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغاندەك، مېنىڭ قارىشىمدا گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمى ئاساسەن ئىككى ئېقىمچاققا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچىسى بىز ئالدىنقى پارىغرافتا تەھلىل قىلغان سىمۋوللۇق يۆنىلىش بولسا، ئىككىنچىسى مەن كونكرېت دەپ ئاتىغان يۆنىلىشتۇر. كونكرېت يۆنىلىشنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن تاھىر ھامۇت، پەرھات تۇرسۇن، ئادىل تۇنىياز قاتارلىقلار بار. تۆۋەندە بۇ شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر ئورتاقلىقلارنىڭ بارلىقىنى، يەنە بۇ يۆنىلىشنىڭ بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ بىر تارمىقى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشكە تىرىشىمەن.

مەن بۇ يەردە كونكرېت گۇڭگا دەپ ئاتىغان شېئىرلارنى بەزى ئوقۇرمەنلەر گۇڭگا شېئىرىيەتكە تەۋە دەپ قارىسا، يەنە بەزىلىرى بۇ شېئىرلارنى ئۆزىگە بىر ئېقىم دەپ قارايدۇ. لېكىن، تۆۋەندىكى شائىرلارنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئەمەلىيەتتە گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، ھەم بۇ باغلىنىشلارنى ئەدەبىيات تارىخى نۇقتىسىدىن ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. بۇ شائىرلار شېئىرىيەتكە دەسلەپكى قەدەم قويغاندا ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا ئەنئەنىۋي شېئىرىيەتتىن ھالقىغان ئامىللار كۆرۈلمەيتتى، لېكىن ئەخمەتجان ئوسمان باشلامچىلىق قىلغان گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن بۇ شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە روشەن بۇرۇلۇشلار بولغان. ئەمما، ئۇلار ئىزچىل تەرەققىي قىلىپ، ئاخىرى ئۆزلىرىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان. ئۇشبۇ سەۋەبتىن مەن بۇ كونكرېت ئېقىمنى گۇڭگا شېئىرىيەتكە تەۋە دەپ قارايمەن، لېكىن، گۇڭگا دېگەن بۇ ئاتالغۇنى قوللىنىپ-قوللانماسلىقى نۇقتىلىق مەسىلە ئەمەس.

سىمۋوللۇق گۇڭگا شېئىرلار بىز ياشايدىغان دۇنيانى بىۋاستە تەسۋىرلىمەيدۇ، بەلكى ھەر بىر شېئىردا مەۋھۇم بىر دۇنيانى يارىتىپ، بۇ مەۋھۇم دۇنيانى تەسۋىرلەش ئارقىلىق بىزنىڭ دۇنيارىمىزنى ۋاستىلىك سۆزلەيدۇ. كونكرېت گۇڭگا شېئىرلار سىمۋوللۇق شېئىرلارغا ئوخشاشلا گۇڭگا تىل-ئىماگلارنى قوللانسىمۇ، ئەمما كونكرېت شېئىرلار رېئال دۇنيانى بىۋاستە تەسۋىرلەيدۇ. يەنە بىر نۇقتىدىن ئالغاندا، ھەر ئىككى خىل گۇڭگا شېئىر ئىپادىلەش ۋاستىسىدىن تەركىب تاپقان سىرتقى شېئىري قاتلامدا ئوخشايدۇ، لېكىن مەنىدىن ئىبارەت ئىچكى قاتلامدا ئوخشىمايدۇ. ھەر ئىككى خىل گۇڭگا شېئىر ئىپادىلەش جەھەتتىن گۇڭگا شېئىرلارغا خاس ئوخشىتىشلار، يەنى لوگىكىغا ئاسان چۈشمەيدىغان، قېلىپلاشقان مەجاز ئامبىرىدىن تېپىلمايدىغان ئوخشىتىشلارنى ئاساسلىق ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىپ تۇتىدۇ. ئەمما، بۇ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئوخشىمىغان نىشانلارغا قارىتىلغان. ئەخمەتجان ئوسماننىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىدا كېچە دېگەن

سۆزگە دىققەت قىلايلى:

مەن ئولتۇرۇپ ئادەتلەنگەن
بىر ئاممۋىي باغچىدىكى
دەرەخ شاخلىرىنىڭ قويۇق سايىسى ئاستىدا
كۆندۈزدىن ئاز-تولا بەھرىمان بولغاچ
ۋە سەيلە قىلغۇچىلارنىڭ يۈزىدىكى قۇياشنى
ھەمدە ئاسپىلت يېرىقلىرىدىن چىملارنىڭ ئۈنۈشىنى كۆزەتكەچ
شېھىرىزاتنىڭ ئاغزىدىن ئۈزلۈكسىز ئۆتۈۋاتقان كېچىلەرنىڭ مابەينىدە
يۈز بېرىۋاتقان قەتلە قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە ئويلىنىۋاتقىنىمدا
ھاياتىمنىڭ قاراڭغۇ ئەينەكلىرىدىن
تەقدىرىمنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن
مەندىن رۇخسەت سوراپ
بىر پالچى ئايال ئالدىمغا كەلدى
**(«شېھىرىزاتنىڭ ئاغزىدىن ئۈزلۈكسىز ئۆتۈۋاتقان كېچىلەر»، توردا ئېلان قىلىنغان)**

بۇ شېئىردا سۆزلەنگەن دۇنيا ھەرگىز رېئال دۇنيا ئەمەس. ئوقۇرمەن شېئىردىكى دۇنيانى ئايرىم بىر دۇنيا دەپ چۈشىنىپ، بۇ دۇنيانى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئويلىغاندىلا ئاندىن شېئىر مەنىلىك بولىدۇ. شېھىرىزاتنى رېئال دۇنيادىكى بىر قىز، ئۇ كېچىلەرنى رېئال كېچىلەر دەپ چۈشەنسەك، شېئىر مەنىسىز بولۇپ قالىدۇ. ئەمدى ئاخشام ئۇقۇمىنىڭ تاھىر ھامۇتنىڭ بىر پارچە شېئىرىدىكى قوللىنىلىشىنى كۆرەيلى:

قەشقەرنىڭ سىرلىق ۋە ناتونۇش تۇرقىغا قاراپ
ئۇلۇغۋار ئاخشاملارنىڭ ۋەھىمىسىدىن تېنىم شۈركىنەر.
توي قىلغان قىزلار، ئۆلۈپ كەتكەن دوستلار، قۇرغاق باھار.
زېمىندىن يوقالغان بىر چىمدىم تۇپراق، كۆز دېگەن:
تېلىۋىزور، موخوركا، كىر پايپاق، تەرجىمە ئارگىنالى.
**(«قەشقەرگە قايتىش»، «Gulf Coast» ژۇرنىلى 24- سان، 2012- يىل، 129- بەت)**

كېچە، ئاخشام دېگەن بۇ سۆزلەر بىر سوتكىنىڭ قۇياش پاتقان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ يۇقىرىقى ئىككى شېئىردىكى رولى يا ئاخشام-كېچە ئۆزىنى، يا بۇ ئىماگلارنىڭ قېلىپلاشقان بىر ئوخشىتىش مەنىسىنى كۆرسەتمەيدۇ. لېكىن، ئاخشام دېگەن سۆز تاھىر ھامۇتنىڭ شېئىرىدا يەنىلا رېئال بىر نەرسىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى قەشقەردىن ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلغان بايانچىنىڭ قەشقەردىن ئىبارەت بۇ ناتونۇش بولۇپ كەتكۈدەك ئۆزگىرىپ كەتكەن يۇرتىغا قايتىپ، ئۆزى يوق ۋاقىتتا يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى ئاخشامقى سورۇنلاردا ئاڭلىشىدىن قورقۇشى. بۇ يەردە ئۇلۇغۋار بىر نەرسە، يەنى ئاخشاملاردا ئۆتكۈزۈلگەن ئولتۇرۇشلار، بايانچىغا ئىلھام بەرمەي،

بەلكى ۋەھىمە بەرمەكتە. مۇنداق تەتۈر تاناسىپلىق تەسۋىرلەش ھەر قانداق گۇڭگا شېئىرلاردا تېپىلىدۇ، بىز بۇنى بىرىنچى بابتا سۆزلەپ ئۆتتۇق. يۈزەكى قاتلامدا، بۇ شېئىرنىڭ تىلى سىمۋوللۇق گۇڭگا شېئىرلاردىن پەرقلەنمەيدۇ. لېكىن ئىچكى قاتلامدا، بۇ شېئىرنىڭ سۆزلەۋاتقىنى يەنىلا رېئال دۇنيا.

«ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» دېگەن نوپۇزلۇق ئەسەر «يېڭىچە شېئىرلار› ھادىسىسى»دە توختالغاندا، ئادىل تۇنىياز ئەسەرلىرىنى مۇنداق تەھلىل قىلىدۇ: «شائىر رېئال ماكان بىلەن چۆچەكتىكى ماكاننى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ فىزىكىلىق ماكاندىن ھالقىغان ئۆزگىچە بىر ماكاننى، يەنى پسىخىكىلىق ماكاننى ياراتقان». بۇ تەبىر ئادىل تۇنىياز بىلەن باشقا كونكرېت گۇڭگا شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى دۇنيانى، يەنى رېئال دۇنيا بىلەن سىمۋوللۇق دۇنيا ئارىسىدا ھېچ پەردە تۇرمايدىغان دۇنيانى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ. تۆۋەندە، بىز كونكرېت گۇڭگا شېئىرلارنى سىمۋوللۇق گۇڭگا شېئىرلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بۇ نۇقتىنى بىر قەدەر ئەتراپلىق مۇزاكىرە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ كونكرېت شېئىرلارنىڭ يەنىلا شېئىريي تىل جەھەتتىن ھەم شېئىريي نەسىب جەھەتتىن گۇڭگا ئېقىمغا تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرستىمىز.

## 2) جەنۇبقا كەتكەن ئىككى شائىر

**جەنۇبقا سەپەر**

كەتتىم، بەدىنىمدە پۈتۈن نەم ئىزلار.
شامال يالاپ، ھەۋەسلەر يالىڭاچلانسا
ياقا يۇرتلۇقلار خىيال ئازابىنى چۈشىنىدۇ.
مەغلۇب بولغان قاتار يېزىلار
ئۈمىدنى ئۈزگەن قاتار شەھەرلەر
تېخىمۇ قويۇقلىشىدۇ.
پايانسىز ئاسمان، پايانسىز زېمىن.
ئۇيقۇ باسىدۇ، بوستانلىقلار ئالمىشىدۇ
سۇس قارا رەڭلىك يول ئىدىيىگە ئېقىپ كىرىپ
پۈتۈن بىر دەۋر قۇياش نۇرىنى تەنھا قالدۇرىدۇ.
ئادەم ئادەم ئۆلتۈرىدۇ،
ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ،
بىراق، جەنۇب ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ
ئۇ غۇۋا چىراي بىلەن مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىپ،
ئاندىن ئۈزتىپ قويىدۇ.
**(«ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، 1995- يىل 2- ئاينىڭ 11- كۈنى، 4- بەت)**

تاھىر ھامۇتنىڭ بۇ شېئىرىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى گۇڭگا ئېقىمغا تەۋە. بىرىنچى مىسرادىكى

بەدەندە قالغان نەم ئىزلارنىڭ دەل نېمىنى كۆرسىتىدىغانلىقى تازا ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئىماگ خۇددى غىل-پال كۆرۈنۈپلا يوقالغان بىر نەرسىدەك يوشۇرۇن ئېڭىمىزغا تەسىر قىلىپ، بىزدە مەلۇم بىر تۇيغۇ، يەنى ھەسرەت، مەينەتچىلىكتەك، چارچاشتەك بىر تۇيغۇنى پەيدا قىلىدۇ. قۇياش نۇرىنى تەنها قالدۇرغان شۇ يول ھەم يولۇچى ئۆزى ماڭغان يول، ھەم ئابستراكت مەنىدىكى يول بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنى غۇۋا ھەم سىمۋوللۇق بولسىمۇ، لېكىن بۇ گۇڭگا سىمۋوللارنىڭ بۇ يەردىكى فۇنكسىيىسى رېئال تۇرمۇش، رېئال تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىش. بايان قىلغۇچى شەھەردىن ئايرىلىپ، جەنۇب تەرەپكە قاراپ ماڭغان. يولدىكى مەنزىرىلەر، ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتى بىلەن كاللىسىدىكى ھەر خىل ئوي-پىكىرلەر گىرەلىشىپ كېتىپ، ناھايىتى كۈچلۈك بىر ئومۇمىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرىدۇ. مېنىڭچە «جەنۇبقا سەپەر» ئۇيغۇر ئاۋانگارت شېئىرىيىتىنىڭ بىر پەللىسى، شۇنداقلا زامانىۋىي تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرگەن بىر شېئىر. شائىر ئادىل تۇنىياز 2003- يىلى يازغان بىر ماقالىسىدە تاھىر ھامۇتنىڭ بۇ شېئىردا ئىپادىلىگەن ماھارىتىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن شېئىرنىڭ ماھىيىتىنى باشقىچە شەرھلەيدۇ:

> ئالدى بىلەن قوشاق شەكلىدىكى جەنۇبنىڭ شېئىرىي ئەنئەنىسى يېڭىلىق ياراتقۇچى ياش شائىرنىڭ جەنۇب سەپىرىدە قۇربانلىققا ئايلاندى. شېئىرنىڭ نەزىرى سۈپىتىدە بىزنى ھاياجانغا سالغۇچى بۇ ئاغزاكى سۆز تېزىسىدىن، نە ھازىرقى شېئىرىيەت ئەنئەنىسىگە خاس رىتىم، تۇراق، قاپىيىنى، نە ئەركىن شېئىرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نەمۇنىسى بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى باش قاپىيىلىك ھەرپلەرنىمۇ كۆرەلمەيمىز، بىراق كۆز چاقنىتىپ تۇرغۇچى شېئىرىيەت تاجىغا ئۆزىتىلغان شۇنچە قوللار ئىچىدە، بۇ شېئىرىيەت كاھىنىنىڭ ئەل نەزىرىدىن چەتتە تۇرۇشى بىزنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى پىشقان كاللا كېسەرلەردەك سوغۇققان ھەرىكىتى ئەنئەنىگە قارشى ھەممە شائىرلارنى بېسىپ چۈشكەن...
> **(ئادىل تۇنىياز 2004، 207- بەت)**

ئادىل تۇنىياز ئۈچۈن، تاھىر ھامۇت ئەنئەنىگە قارشى شائىرلارنىڭ ئەڭ ئۈستىسى. ئادىلنىڭ نەزىرىدە، بۇ شائىرلارنىڭ «ئەنئەنىگە قارشى غازات»ى تۈپەيلىدىن، «روھىيەت ئۈپۈقىمىزدا مەغرىب قۇياشى پەيدا بولۇپ جۇلالىنىشقا باشلىدى. غەربنىڭ مەدەنىيەت چۆلى، ت. س ئېلىيوتنىڭ شېئىرىيەتتىكى ‹باياۋان›ى بوستانلىقلىرىمىزنى قىستاپ كەلدى. روھىدىكى زېمىننى قولدىن بېرىپ قويماي تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ قەدىمىي مىللەت يات مەدەنىيەت ئىسكەنجىسىدە چۆلدەرەشكە باشلىدى.» (ئادىل تۇنىياز 2004، 206- بەت) تاھىر ھامۇت ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاۋانگارت شائىرلارغا مۇنداق باھا بەرگەن ماقالىنىڭ بېشىدا، ئادىل تۇنىياز قۇربان بارات، بوغدا ئابدۇللا ۋە ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ ئەسەرلىرىنى مەدەنىيەت ساقلاش، ئىنسانلار تەربىيىلەشتە چوڭ رول ئوينايدۇ

دەپ ماختاپ، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شېئىرلىرىنى «بارلىق بۇيۇك پەلسەپىلەر بەربات بولغان، ئىدىيە ئىپادىلىمەيدىغان، مەنىسىزلىك بىلەن تولغان غەرب ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئېقىمىغا ئوخشىمايدىغان ھالدا بىزنى مەنىگە، ئىدىيىگە، ئەخلاقىي كامالەتكە يېتەكلەيدۇ» دەپ باھا بېرىدۇ. (ئادىل تۇنىياز 2004، 203- بەت) گەرچە ئادىل تۇنىياز 1999- يىلى ئۆزى سۆيگەن ئون كىتاب ئىچىدە مودېرنىزم شائىرى مونتالى، غەرب مودېرنىزم ھېكايىچىلىكىنىڭ پىرى بولغان بورگېسنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، (ئادىل تۇنىياز 2004، 249-251-، 256-258- بەت) ئەمما تاھىر ھامۇت، چىمەنگۈل ئاۋۇتنى تەنقىدلىگەن بۇ ماقالىسىدە، ئادىلنىڭ مەيدانى ناھايىتى ئېنىق. ئۇنىڭ نەزىرىدە، «جەنۇب ـ تېرىقچىلىق ئەنئەنىلىرىنى، پەرھىز ۋە جىنسىي ئادەتلەرنى، مىللەتنىڭ قەدىمكى روھىي ئۇچۇرلىرىنى ساقلىغۇچى ھاياتى كۈچكە تولغان نامرات ۋە سىرلىق جاي. شىمال ئۇنىڭغا قارشى يۆنىلىشتىكى تەرەققىيات، سانائەت ۋە تېخنىكا رايونى، يېڭى ئىدىيە، يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ئىرقلارنىڭ ئارىلىشىش مەيدانى.» (ئادىل تۇنىياز 2004، 208- بەت) دېمەك، ئادىل تۇنىياز جەنۇبنى ئىجابىي، شىمالنى سەلبىي دەپ قاراپ، بۇ ئىككى رايوننى تاھىر ھامۇتنىڭ يۇقىرىقى شېئىرىدا دەل ئەكسىچە كۆرستىلگەنىدەك ھېس قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، تاھىر ھامۇتنىڭ مەزكۇر شېئىرىنى باشقىچىمۇ چۈشەنگىلى بولىدۇ. بۇ شېئىردا ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات ھەقىقەتەن تېز سۈرەتتە زامانىۋىلىشىۋاتقان تۇرمۇشقا خاس بىر ھېسسىيات، لېكىن بۇ ھەرگىز شەھەرنى ياخشى، يېزىنى ناچار، زامانىۋىي تۇرمۇش ياخشى، ئەنئەنىۋىي تۇرمۇشنى ناچار تۇيۇلدۇرىدىغان بىر ھېسسىيات ئەمەس، بەلكى بىر ئوتتۇرىدا قېلىش ھېسسىياتى. مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، «جەنۇبقا سەپەر» دېگەن شېئىرنىڭ بايان قىلغۇچىسى زامانىۋىلىكنىڭ تارتىش كۈچى بىلەن ئەنئەنىۋىلىكنىڭ مېھرى ئارىسىدا قېلىپ، ھېچ قايسىدىن قىيالمايۋاتقان تىپىك بىر زامانىۋىي ئادەم. ئۇنىڭ بەدىنىدە نەم ئىز قالدۇرغان نەرسە دەل ئۆزى ئۇزاق تۇرغان شەھەر، ھەم ھاياتلىقنىڭ سىرلىرى ئاقارتىش ۋە تەبىئىي پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە ئاشكارىلىنىپ كېتىشىنى بىر خىل ئازاپ دەپ چۈشىنىدۇ. يېزىلار مەغلۇب بولغان بولسا، ئەسلى كۆرەڭلەشكەن شەھەرلەر ئەمدى ئۈمىد ئۈزگەن. زامانىۋىي تۇرمۇش ۋەھشىي بىر ئادەم ئادەم ئۆلتۈرىدىغان تۇرمۇش بولسا، چىرايى غۇۋا، ئۆزى ئاران تۇرۇۋاتقان جەنۇب يەنىلا مېھمان كۈتۈۋېلىشتەك گۈزەل ئەنئەنىلەرنى ساقلاپ، شەھەردە ھالىدىن كەتكەن بايان قىلغۇچىغا روھىي ئوزۇق بېرەلەيدۇ. تاھىر ھامۇتنىڭ شېئىرىدىكى جەنۇب-شىمال، يېزا-شەھەر مۇناسىۋىتى خۇددى ئادىل تۇنىياز ئېيتقاندەك ھازىرقى تۇرمۇشنىڭ ئىككى قۇتۇپىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەمما، ئادىلنىڭ تەھلىلىنىڭ خاتالىشقان يېرى تاھىر ھامۇتنىڭ شېئىرىدىن ئىككى قۇتۇپ ئارىسىدا تەمترەپ يۈرگەن ئادەم ئەمەس، بەلكى بىر قۇتۇپنىڭ تەرەپدارىنى كۆرۈشى. ئادىل تۇنىيازنىڭ تاھىر ھامۇتنى مۇنداق چۈشىنىپ قېلىشى ئېھتىمال ئادىل ئۆزىنىڭ پىكىر ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىز ئەمدى ئادىل تۇنىيازنىڭ تاھىر ھامۇتنى تەنقىدلىگەن «يېشىل رەڭنىڭ شېئىرىي ئاۋازى» دېگەن بۇ ماقالىدىن بىر يىل كېيىن يازغان بىر پارچە شېئىرىنى كۆرەيلى:

**شەھەردىن چىقىش**

قويۇق بىنالار سوۋيۇلۇپ،
توختىنغان.
چىققانسېرى مەن شەھەردىن
ئۆز تېرەمگە كىرىۋاتىمەن،
تەن راھەتتە، جان شوخشىغان.
دۆڭلەر سېھىرلىك،
يېشىل تۈك باسقان، چىرايلىق، پىنھان
ئويمان يەرلەردە سۇزۇك پىغان.
كۆرستەر ئاپتاپ
گۈرۈچتەك ئاپئاق، ئوغرى چىشىنى.
ئۆزگەرتىپ مامپكاپ يۆنىلىشىنى
شەرقتىن سوزۇلغان رېلىس بويىدا.

ئۇپۇقنى كۆرمىگىلى ئۇزاق بولۇپتۇ.

قوڭۇر تۇپراق، قوڭۇررەڭ شامال
توپىغا ئايلانغان بىر قوۋۇرغىدىن
ئىسسىق ھور ئۆرلەپ چىقماقتا ئايال.
چىقماقتا نىقابتىن دەل-دەرەخلەر
بوشىغان يالتىراق قانغىچە يىغلار
توپا-چاڭ پاكىز، خۇشپۇراق ئەت يەر.
يۇزلىرى بۇزۇلغان،
زورلانغان،
خورلانغان،
گوللانغان سۇ
شەھەردىن چىقماقتا ئاستا.

توپ تېرەكنىڭ ئاستىدا
دادام رەھمىتى،
سايىدىماقتا.

2004- يىل 10- ئاينىڭ 17- كۈنى
**(«دېڭىزدىكى كوچا»، 155ـ156- بەتلەر)**

بۇ شېئىرنىڭ ئوخشىتىشلىرى گۈزەل، لېكىن ئادىل تۇنىيازنىڭ باشقا شېئىرلىرىغا ئوخشاشلا، ئۇنىڭ تەسۋىرلىگىنى رېئال تۇرمۇش، ھەم ئۇنىڭ مەنىسى ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرىنى كۆپرەك كۆرگەن ئوقۇرمەنگە ئېنىق. بايان قىلغۇچى شەھەردىن چىقىپ يېزىغا كېتىدۇ. ماڭغانسېرى بىنالار ئازلايدۇ، يۇرتىغا يېقىنلاشقانسېرى راھەت ھېس قىلىدۇ. «قوڭۇر تۇپراق، قوڭۇررەڭ شامال» دەپ

باشلانغان كۆبلىت جىنسىيەت ۋە ھاياتلىقنى سۆزلەيدۇ. ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلغان ئالىم سۇلايمان قەييۇم كۆرسەتكەندەك، ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرىدا ئىنساننىڭ ئاخىرى تۇپراققا ئايلىنىشى ھەم خۇددى سۇغا ئوخشاش بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئايلىنىپ تۇرۇشى مۇھىم بىر تېما. سۇ دېگەن قاتقان مۇز ھالىتىدىن سۇيۇق سۇ ھالىتىگە، ئاندىن ئاخىرى يوقىلىپ كېتىدىغان ھور ھالىتىگە ئۆزگىرىدۇ. ئادەممۇ تۇپراققا ئايلىنىپ، تۇپراقمۇ شامالدا ئۇچۇرۇلۇپ كەتكەن توپا-چاڭغا ئايلىنىدۇ. لېكىن ئادەم ئاتانىڭ بىر قوۋۇرغىسىدىن ھاۋا ئانا يارالغان، ھەم ئادىل تۇنىيازنىڭ قارىشىچە دەل مۇشۇ ھاۋا ئانىنىڭ پۇشتى بولغان ئاياللار شەھەردە بۇزۇلىدۇ، زورلىنىدۇ، خورلىنىدۇ، گوللىنىدۇ. ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرىدا، سۇ ئىماگى ئاياللار، شۇنداقلا ھەر قانداق ھاياتلىققا مۇقىم سىمۋول بولۇپ كەتكەن. (سۇلايمان قەييۇم 2009، 158-167-بەت) يېزىغا سىمۋول قىلىنغان توپ تېرەك ئاستىدا، بايان قىلغۇچىنىڭ دادىسى ئۇنى ئۆز يۇرتىغا قارشى ئالىدۇ.

خۇددى باشقا ئەسەرلىرىگە ئوخشاش، ئادىل تۇنىيازنىڭ بۇ شېئىرىدا زامانىۋىي تۇرمۇشقا ۋەكىللىك قىلىدىغان شەھەر تۇرمۇشى، تېخنىكا، جىنسىي ئەركىنلىكتەك نەرسىلەر سەلبىي كۆرسىتىلىپ، يېزا تۇرمۇشى، ئەخلاق ۋە ئەنئەنە ئىجابىي كۆرسىتىلىدۇ. شائىرنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىدا، ئادەم تۇرمۇشى ئىككى قۇتۇپقا، يەنى غەرب بىلەن شەرق، شىمال بىلەن جەنۇب، شەھەر بىلەن يېزا، ئەنئەنە بىلەن ئەركىنلىك، ئۆرپ-ئادەت بىلەن ئەخلاقسىزلىق دېگەندەك جۈپلەرگە بۆلۈنگەن، ھەم ئادىل شېئىرلىرى ئاساسەن ھەر ئىككى قۇتۇپ ئىچىدىن بىرىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئادىل تۇنىيازنىڭ بۇ يەردە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ماقالىسىدە، تاھىر ھامۇتنىڭ يۇقىرىقى شېئىرى ئادىل ئۆزى تۇتقان قۇتۇپقا قارشى قۇتۇپنىڭ مەدھىيىسى دەپ چۈشەندۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى ئەسەر ئارىسىدىكى پەرق شۇ يەردە ئەمەس. تاھىرنىڭ بۇ شېئىرى ھېچ قايسى قۇتۇپقا رازى بولمىغان، ھاياتنىڭ سوئاللىرىغا ئاددىي جاۋاب تاپالمىغان ئادەمنىڭ كىتابى. ئادىل تۇنىياز بولسا، مەيدانى ئېنىق، ھەم شېئىرلىرىدا ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇ ئىككى شائىر ئىككى قارىمۇ-قارشى قۇتۇپنىڭ تەرەپدارلىرى ئەمەس، بەلكى ھاياتنىڭ چۈشەنگىلى بولىدىغان بولمايدىغانلىقىغا نىسبەتەن پۈتۈنلەي ئوخشمايدىغان قاراشتىكى ئىككى شائىر. پەلسەپىسى بىر-بىرىگە شۇنچە ئوخشمايدىغان بۇ ئىككى تالانتلىق شائىرنى قانداقسىگە بىر ئېقىمغا تەۋە دېگىلى بولسۇن؟ مەن بۇ نۇقتىنى مۇنداق چۈشەندۈرىمەنكى، تاھىر ھامۇت ۋە ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرىدا قوللىنىلغان تىل-ئىماگلار گۇڭگا، ھەم بۇ گۇڭگالىقنى ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىر ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە باغلىماي چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ھەر ئىككى شائىرنىڭ ئەسەرلىرى رېئال دۇنيانى مەزمۇن قىلىدۇ، ھەم بۇ نۇقتا ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى باشقا گۇڭگا شېئىرلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. دېمەك، بۇ شېئىر ئۇسلۇب جەھەتتىن تاھىر ھامۇتنىڭ يۇقىرىقى شېئىر بىلەن بىر ئېقىمغا، يەنى كونكرېت گۇڭگا شېئىر ئېقىمىغا تەۋە.

3) ئادىل تۇنىيازنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى

ئادىل تۇنىياز 1970- يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ كۆكيار يېزىسىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئەدەبىيات دەرسىنى ئۆتكەن، ئاپىسى ئۆيدە بالىلار باققان. ئادىل ئوتتۇرا مەكتەپنى قاغىلىقتا پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەدەبىيات كەسپىدىن باكلاۋىر ئالغان. ئالىي مەكتەپ ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئادىل شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدە ئىشقا ئورۇنلىشىپ، شۇ ئىدارىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت بۆلۈمىدە تا ھازىرغىچە ئىشلەپ كەلگەن. 2000- يىلى 5- ئايدىن 2001- يىلى 12- ئايغىچە ئادىل ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە ئوقۇۋاتقان ئايالى بىلەن شۇ دۆلەتتە تۇرۇپ، شۇ يەردە ئىزدىنىش ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

ئادىل تۇنىياز تۇغما تالانتلىق شائىر بولۇپ، ھازىرچە گۇڭگا شائىرلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن ئەڭ ياخشى كۆرۈلگەن شائىر ھېسابلىنىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقتىدىن باشلاپ، ئادىلنىڭ شېئىرلىرى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ژۇرنال-گېزىتلاردا ئېلان قىلىنىپ كەلگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھەجىم جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ بولۇپ، گۇڭگا شائىرلار ئىچىدىلا ئەمەس، بارلىق شائىرلار ئىچىدە بۇ نۇقتىدىن خېلى ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا «سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا» دېگەن شېئىر توپلىمىنىڭ نەشر قىلىنىشى بىلەنلا ئادىلنىڭ نامى چىققان. كېيىن «بويتاق شائىرنىڭ مەخپىيىتى»، «چۈمبەلدىكى كۆز»، «دېڭىزدىكى كوچا» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى، «پەيغەمبەر دىيارىدا كېچىلەر» ناملىق ماقالە ۋە زىيارەت خاتىرىسى توپلىمىنى نەشر قىلدۇرغان.

گۇڭگا شېئىرلار ئىچىدە، ئادىل تۇنىيازنىڭ گۇڭگا شېئىرلىرىنى شەكىل جەھەتتىن ئەنئەنىگە مايىل دېيىشكە بولىدۇ، كۆپىنچىسى يەڭگىل بىر قاپىيىداشلىق بىلەن ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتنىڭ بەزى باشقا ئېلېمېنتلىرىنى ساقلاپ قالغان. ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرى تېما جەھەتتىن ئۆزى كىچىك ۋاقتىدا باشتىن كەچۈرگەن يېزا تۇرمۇشى، ئۆمۈر بويى سۆيگەن تەبىئەت تۇيغۇسىنى مۇھىم تېما قىلغان. ئەخمەتجان ئوسمان، پەرھات تۇرسۇندەك باشقا گۇڭگا شائىرلارغا قارىغاندا، تەبىئەتتىن ئالغان ئىماگلار ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆسۈملۈك بىلەن ھايۋانلار ئالاھىدە گەۋدىلەنگەن. ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرىدا قېلىپلاشقان ئىماگلار ئىچىدە ئۆمۈچۈكتەك ھايۋانلار كۆپ تېپىلىدۇ، ھەم بىز بۇنىڭدىن ئادىل تۇنىياز شېئىرىيىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم نۇقتىنى ھېس قىلالايمىزكى، يەنى ئادىلنىڭ ئىماگ مۇقىملاشتۇرۇش تېخنىكىسى. خۇددى ئەخمەتجان ئوسمانغا ئوخشاش، شائىر ئادىل بەزى ئىماگلىرىغا مەلۇم مەنە بېكىتىپ، بۇ ئىماگلارنى كۆپ ئەسەرلىرىدە تەكرار قوللىنىدۇ. دېمەك، ئادىل تۇنىيازنىڭ مەنا دۇنياسىنىڭ بەزى تۇراقلىق ئاچقۇچلىرى بار.

تىل جەھەتتىن، ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىر قەدەر ئاممباب بولۇپ، خەلق تىلىنى جانلىق قوللىنىدۇ. مەزمۇن جەھەتتىنمۇ، ئادىل تۇنىيازنىڭ زور كۆپ ساندىكى شېئىرلىرى خەلق تۇرمۇشى، بولۇپمۇ يېزا تۇرمۇشىغا يېقىن تېما، مەنزىرە ۋە ئىماگلارنى مەركەز قىلىدۇ. ئادىلنىڭ

شېئىرلىرى، بولۇپمۇ 2000 ـ يىلىدىن بېرى يازغان شېئىرلىرى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەخلاق قارىشى، قىممەت قارىشىمۇ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئەڭ ئومۇملاشقان قاراشلارغا يېقىن. شۇ سەۋەبلەردىن، ئادىلنىڭ تۇنىيازنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى بارلىق گۇڭگا شېئىرلار ئىچىدە خەلق ئاممىسى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان، شۇنداقلا ئەڭ سۆيىدىغان ئەسەرلەردىن سانىلىدۇ. ئەگەر ئادىلنىڭ شېئىرلىرى بۇ جەھەتلەردىن بەزى گۇڭگا شائىرلارنىڭكىدىن پەرقلەنسە، بۇ ئەھۋال ئەمەلىيەتتە گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ مەزمۇن ھەم ئىپادىلەش جەھەتتىن نەقەدەر ئەركىن ھەم كەڭ ئېچىۋېتىلگەن ئېقىم ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

4) ئادىل تۇنىياز شېئىرىيىتىدىكى كونكرېت گۇڭگا بۇرۇلۇش

ئوسمان مەمەتىنىڭ قارىشىچە، ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرىدىكى «تىل ئىشلىتىش ماھارىتى، خەلق قوشاقلىرىنىڭ يەڭگىل ئۇسلۇبىدىن پايدىلىنىش، تېمىلاردىكى كەڭلىك، مەزمۇندىكى چوڭقۇرلۇق، ھەجىمدىكى چوڭلۇق (داستانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، قاتارلىق بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى گۇڭگا شېئىرلاردىن روشەن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ» دەپ باھا بەرگەن. (ئوسمان مەمەت 2008، 28ـ بەت) ئەلۋەتتە، تىل ئىشلىتىش ماھارىتى بىلەن مەزمۇندىكى چوڭقۇرلۇقنى ئۆلچەش ھامان نىسبىي بولغاچقا، ئادىلنىڭ شېئىرلىرىنى بۇ جەھەتتىن باشقا شائىرلارنىڭكىدىن يا ئۈستۈن يا تۆۋەن دېيىش تازا ئىلمىي ئەمەس. خەلق قوشاقلىرىدىن پايدىلىنىش جەھەتتىن بولسا، گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ باشلامچىسى بولغان ئەخمەتجان ئوسماننىڭ «ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى» دېگەن توپلىمىدىكى نۇرغۇن شېئىرلارنىڭ خەلق قوشاقلارنىڭ يەڭگىل شېئىرىي ئۇسلۇبىدىن پايدىلانغانلىقى، «سادىر يېتىم قالغان بەش بالىسىنى ئىزدەپ» دېگەن شېئىرنىڭ ھەتتا خەلق قوشاقلىرىدىن بىۋاستە نەقىل ھەم ئىلھام ئالغانلىقى ئېنىق. ئۇيغۇر خەلق قەھرىمانى، داڭلىق قوشاقچىنى سادىر پالۋاننى مەركەز قىلغان بۇ شېئىر ھەجىم جەھەتتىنمۇ ئۇزۇن، لېكىن ئەخمەتجاننىڭ «قۇم كارىۋاتتىكى ئاخشام» دېگەن گۇڭگا داستانى تېخىمۇ ئۇزۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شېئىرنىڭ ھەجىمى پەقەت بىر شەكلىي ئالاھىدىلىك، بىز بۇ يەردە ئوسمان مەمەتنىڭ ماقالىسى ئۆزىدىن نەقىل كەلتۈرسەك بولىدۇ: «گۇڭگا دېگەن سۆز كۆپرەك مەزمۇنغا كۆرە ئېيتىلغان بولسا، چاچما دېگەن سۆز كوپرەك شېئىرلارنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان.» (ئوسمان مەمەت 2008، 14ـ بەت)

شۇنداق بولسىمۇ، ئوسمان مەمەتنىڭ «ئادىلنىڭ شېئىرلىرىدىكى گۇڭگىلىق ئۇلارنىڭكىگە [گۇڭگا شائىرلارنىڭكىگە] يەتمەيدۇ» دېگەن قارىشىغا مەلۇم دەرىجىدە قوشۇلىمەن. ئادىل تۇنىيازنىڭ كۆپ شېئىرلىرىنى ھەقىقەتەن گۇڭگا ئېلېمېنتلار بىلەن ئادىلنىڭ خاس ئۇسلۇبىنى بىرلەشتۈرۈپ، يېڭىچە بىر ئۇسلۇبنى ياراتقان. مېنىڭچە بولغاندا، ئادىل تۇنىيازنى گۇڭگا شائىر دېمەي، بەلكى ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى گۇڭگا ئېقىمغا تەۋە، يەنە بىر قىسىم شېئىرلىرىنى

تەۋە ئەمەس دېسەك توغرا بولغۇدەك. ئەمما، ئادىل تۇنىيازنىڭ 1990- يىلىدىن كېيىنكى شېئىر ئىجادىيىتىنى گۇڭگا شېئىرىيەتكە باغلىماي چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئادىل تۇنىياز شېئىرىيىتىدە چوڭقۇر ئىزدەنگەن تەتقىقاتچى سۇلايمان قەييۇمنىڭ «شېئىرىيەت دېڭىزىدىكى يېگانە ئارال: ئادىل تۇنىياز ئىجادىيىتى توغرىسىدا مەخسۇس تەتقىقات» دېگەن ماقالىسى شۇ سەۋەبدىن بىرىنچى پارىگرافىدىلا گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ تەرەققىياتىنى مەخسۇس مۇلاھىزە قىلىدۇ. (سۇلايمان قەييۇم 2009، 1-7- بەت) ئەمەلىيەتتە، ئادىل تۇنىيازنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىغا نەزەر سالساق، گۇڭگا ئېلېمېنتلارنىڭ ئاساسەن يوقلۇقى، كېيىنكى شېئىرلىرىنى كۆرسەك، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، ئادىلنىڭ كۆپرەك تەسىرلەرگە ئۇچرىشىغا ئەگىشىپ، شۇنداق ئېلېمېنتلارنىڭ ئادىلنىڭ بەزى شېئىرلىرىدا كۆپىيىشىنى بايقايمىز:

ئاھ، ياشلىقىم، قىزىلگۈلگە پۈركەنگىم،
مېھنىتىڭدىن بوستان ياساپ.
گۈزەل ئىقبال قۇچاق ئېچىپ كۈتمەكتە،
تىز پۈكمىگەن مۇشەققەتنى تاغ ساناپ.
**(«تارىم» ژۇرنىلى 1987- يىللىق 11- سان، 75- بەت)**

ئادىلجاننىڭ «ياشلىق ھېسلىرى» دېگەن شېئىردىن ئېلىنغان بۇ مىسرالار 1950- يىللاردا «شىنجاڭ ئەدەبىياتى»دا ئېلان قىلىنغان بولسا چانمايتتى، ھەم بۇ شېئىر ئادىلنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ئەمما، گۇڭگا شېئىر ھەرىكىتى ئۇيغۇر ئەدەبىيات ساھەسىدە، بولۇپمۇ ئادىل شۇ ۋاقىتتا ئوقۇۋاتقان ئۈرۈمچى شەھىرىدە غۇلغۇلە پەيدا قىلغان ۋاقىتلاردا يېزىلغان تۆۋەندىكى 1990- يىللىق «پەردە كەينىدە» دېگەن شېئىردىن ئادىل تۇنىيازنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە ئۈچ يىل ئىچىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى:

ئادەم بىز، ئادەم،
تالانتىمىز، بارلىقىمىز ھەم
تەبىئەتكە گىرىم قىلىشتۇر.
پەلكۈشلەرنى كۆتۈرۈپ
يىرگىنچلىك بوياقلار بىلەن
بىڭسىمىزنى قىلايلى ئايان.
ھەقىقەتنىڭ سوغ ھەيكىلىگە
ساختىپەزلىك بوياقلىرىدا
كىرگۈزەيلى ھارارەت ۋە جان.
شۇندىمۇ پەقەت

ئەڭ ئىشەنچلىك ئۆلۈكلەرگىلا،
دىلدىكىنى قىلايلى ئايان.
**(«دېڭىزدىكى كوچا»، 44ـ45ـ بەتلەر)**

يۇقىرىقى شېئىر گەرچە بەك تۇتۇق بولمىسىمۇ، ئەمما ئادىلنىڭ 1987ـ، 1988ـ يىللىرىدا يازغان شېئىرلىرىدىن بۇ مىسرالار ئىماگلارنىڭ ئۆزگىچىلىكى، ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ يېڭىلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ شېئىر ئەسلى ئادىل تۇنىيازنىڭ 1992ـ يىلى نەشر قىلىنغان «سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا» دېگەن توپلىمىدا چىققان بولۇپ، شۇ توپلامدىكى شېئىرلار ئىچىدە گۇڭگا ئېلېمېنتلار قويۇقراق شېئىرلاردىن ھېسابلىنىدۇ. شۇ توپلامدىنلا ئادىل تۇنىيازنىڭ تالانتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ سەھرا تۇرمۇشىنى ئۆزگىچە ھەم تەسىرلىك تەسۋىرلەشتىكى قابىلىيىتى نامايەن بولغان. ئادىلنىڭ بۇ توپلىمىدا مەركىزىي تېما بولغان مەزمۇنلار شائىرنىڭ پۈتۈن ئىجادىيەت مۇساپىسىدە داۋاملىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ كەلگەن، شۇنداقلا بۇ توپلامدىكى بەزى ئىماگلارمۇ ئادىل تۇنىياز ئىجادىيىتىدە داۋاملىق قوللىنىلىپ كەلگەن. ئادىل تۇنىيازنىڭ ئەسەرلىرىدە سەھرا تۇرمۇشى، ئاق كۆكۈللۈك، تەبىئىيەت، ئاياللارغا تەلپۈنۈش، غېرىبلىق دېگەندەك تېمىلار تېرەك، ئۆمۈچۈك، سامان يولىدەك ئىماگلار بىلەن يورۇتۇلۇپ كەلگەن. لېكىن، ئادىل تۇنىيازنىڭ شېئىرىيىتىدىكى گۇڭگا بۇرۇلۇشلارغا ئەگىشىپ، بۇ تېما ۋە ئىماگلار ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرىدا ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا قوللىنىلىشقا باشلىغان. نۇرغۇن ياش ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە مودېرنىزمدىن ئىلھاملانغان بۇرۇلۇشلار بولۇۋاتقان يىللاردا، يەنى 1980ـ يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 1990ـ يىللارنىڭ بېشىدا، ئادىل تۇنىيازنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىمۇ داۋاملىق يېڭىلىنىپ تۇردى، بۇنى ئادىلنىڭ 1993ـ يىلى يېزىلغان تۆۋەندىكى شېئىرىدىن ھېس قىلغىلى بولىدۇ:

ئادىل، مەن ۋە خۇدا ئۈچىمىز
بىر ئادەمدەك كېتىۋاتىمىز،
قارنىڭ ئۈستىدە.
سان-ساناقسىز پاكار ئاققۇلار
يەر يۈزىنى قاپلاپ ماڭغاندەك
مېڭىۋاتقان قارنىڭ ئۈستىدە.
**(«بويتاق شائىرنىڭ مەخپىيىتى»، 147ـ بەت)**

بۇ شېئىردىكى خۇدانى ئادەملەشتۈرۈش، بىرىنچى شەخسنى ئىككىگە (يەنى «ئادىل» ۋە «مەن»گە) بۆلۈشتەك گۇڭگا ئېلېمېنتلار «سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا» دېگەن توپلامدىكى شېئىرلاردا ئاساسەن تېپىلمايدۇ. «بويتاق شائىرنىڭ مەخپىيىتى» دېگەن توپلام ئادىل تۇنىيازنىڭ

1993ـ ئاخىرىغىچە يېزىلغان شېئىرلارنى ئىچىگە ئېلىپ، ئادىل تۇنىياز شېئىرىيىتىدە يەنىمۇ گۈزەلگە يۈزلىنىشلەر بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ئىككى توپلامدىكى تېمىلار ۋە ئىماگلار ئارىسىدىكى ئورتاقلىقلار ۋە پەرقلەرنى سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن، تۆۋەندە مەن ھەر ئىككى توپلامدىن بىر پارچە شېئىر تاللاپ تولۇق كۆرسەتتىم:

لەيلەپ يۈرگەن سارغۇچ بىر ئاۋاز
كۈلۈمسىرەر قۇلاقلىرىمغا.

ئاچالمايمەن روجەكنى كەچتە،
قىز كۆزلىرى باردەك گۈگۈمدا.
دەل-دەرەخلەر ماراۋاتقاندەك،
تىكىلگەندەك قۇشقاچلار ماڭا.

بار مېنىڭدە گۈزەل بىر ناخشا،
ئېيتالمىدىم تېخىچە ئەمما.
بار مېنىڭدە ئاچچىق بىر يىغا،
كۆرمىسكەن دەيمەن ئاشىقلار.

يالغۇزلۇقنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ
سۆيۈشكەندە ھايات بىلەن مەن،
ئىشىك چەككەن قىزغانچۇق كىمسەن؟

ئاق تېرەكلىك كەنت يولى بويلاپ
كەلگىنىدە گۈگۈم پايپاسلاپ،
چىغىر يولدەك خىلۋەت كۆڭلۈمدىن
ئۆتتۈپ قالغان بىر قىز ئەمەسمۇ؟

ئۈمىدسىزمەن سىم-سىم يامغۇردەك،
بىراق، ساڭا چاقنايمەن نۇردەك.
سەتەڭلىكنىڭ ياكى سەتلىكنىڭ
مېنى ھامان قىلار بىچارە،
چۆمۈللەر سىزغان رەسىمدەك.

گۈللەر قاچان كىلەر قىشمىغا.

ئايلىنارمۇ سايەم بىر قىزغا؟

**(«قىز»، 1991- يىل 3- ئاي**
**«دىگىزدىكى كوچا»، 65ـ66- بەتلەر)**

تەكچىدە شىشە
شىشىدىكى نۇر.

بىر تال پەي.
ئىش تەرتىپى.
قەغەز دۆۋىسى.

خۇددى رەتلىك تۇرغاندەك
قالايمىقان ئىشخانا ئىچى.

غىربىلىق بىلمىگەندەك غىربىلىقنى
بىلمەي قالدىم نىمە قىلىشنى.

ئات قويۇلمىغان ھاياجان
ئايلانماقتا توختىماي مىنى.

قەغەز مەركىزىدە بىر جۈملە ئايال.
ئايال ھەرپلەرنىڭ
ماڭا قاراپ يالىڭاچلىنار
ياش قەبىلە باشلىقى.

دىرىزىنى ئىچىشىم بىلەن
تەكچىدىكى قۇرۇق شىشىگە
ئۇدۇل كىلىپ چۈشتى كۈن نۇرى.

شىشى يىنىدىكى چاقناش.
ئۈستەل ئۈستىدىكى چاقناش.

كۆلدان ئەتراپىدا جىمجىتلىق.

جىمجىتلىقنى بۇزۇپ بىردىنلا
قەلەم سوراپ قالدا ئىشدېشىم.
**(«چەكسىز ئىشخانا» 1993ـ يىل 12ـ ئاي**
**«بويتاق شائىرنىڭ مەخپىيىتى»، 150ـ151ـ بەتلەر)**

بۇ ئىككى شېئىرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى ئوخشاش، يەنى قىزغا ئىنتىلگەن بىر شائىرنىڭ ئىستىگەنگە ئېرىشەلمەي، ئاچچىق ۋە تەنھالىق ئىچىدە خىيال سۈرۈش. بىرىنچى شېئىرنىڭ ۋەقەلىكى كەچتە، ئىككىنچى شېئىرنىڭكى كۈندۈزدە يۈز بەرسىمۇ، ئەمما باياننىڭ تاشقى دۇنيادىن ئايرىپ تۇرىدىغىنى يەنىلا بىر دېرىزە. بۇ دېرىزىنى بىرىنچى شېئىردىكى بايانچى ئېچىشقا پېتىنالمىسا، ئىككىنچى شېئىردىكى بايانچى جۈرئەت قىلالايدۇ. ئىككىنچى شېئىردا دېرىزە ئېچىلغاندىن كېيىن دېرىزىدىن چۈشكەن كۈن نۇرى چاقنايدۇ، بىرىنچى شېئىردا دېرىزە ئېچىلمىسىمۇ بايانچى ئۆزى چاقنايدۇ. تېما ۋە مەنا جەھەتتىن، بۇ ئىككى شېئىر ئوخشايدۇ، دېمەك، بۇ ئىككى شېئىرنىڭ ئىچكى قاتلىمى، يەنى مەنى قاتلىمى بىر. لېكىن، ئۇلارنىڭ سىرتقى قاتلىمى ئوخشىمايدۇ. ئادىل تۇنىياز شېئىرىيىتىدىكى كونكرېت گۈڭگا بۇرۇلۇشنىڭ ئىپادىسى بولغان بۇ سىرتقى قاتلامدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ باقايلى.

بىرىنچى شېئىردىكى «لەيلەپ يۈرگەن سارغۇچ بىر ئاۋاز» بىلەن گۈگۈمدا كۆرۈنگەندەك قىلغان قىز كۆزلىرى ئىككىلىسى بىر قىزنىڭ بايانچىنى پاراكەندە قىلغانلىقىنىڭ ئېنىق سىمۋولى. بىر ئاۋازنىڭ رەڭگە كىرىشى ۋە لەيلەپ يۈرۈشى شېئىرغا بېشىدىلا يەڭگىل بىر گۈڭگالىق بېغىشلايدۇ، لېكىن بۇ ئىماگلارنىڭ بۇ يەردىكى مەنىسى خېلىلا ئېنىق، يەنى چوڭچەك بىر ئاۋازنىڭ شائىر كاللىسىدىن پەقەت چىقماي لەيلەپ تۇرۇشى. گۈگۈمنىڭ ئادەملىشىپ يول بويلاپ كەلگىنى، كۆڭۈل يولىدىن ئۆتۈپ قالغان قىزدەك ئىماگلار ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتكە يات ئەمەس. ئالتىنچى كۇبلېت شېئىرنىڭ ئەڭ گۈڭگا قىسمى، ئۇنىڭدىكى شائىرنىڭ چاقنىشى، چۈمۈلىلەر سىزغان رەسىم ئەنئەنىۋى شېئىردا ئېيىلمايدىغان ئىماگلار. ئەمما، شائىر بۇ يەردە ئۆزىنى «نۇردەك» چاقنايمەن دەيدۇ، دېمەك شائىر بۇ يەردىلا چاقناش دېگەن سۆزنىڭ مىتافور ئىكەنلىكى، ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەتتە نۇر ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. شائىر بىچارە بولۇپ كېتىپ چۈمۈلىلەر سىزغان رەسىم بولۇپ كەتمەيدۇ، بەلكى «چۈمۈلىلەر سىزغان رەسىمدەك» بولۇپ كېتىدۇ. دېمەك، بۇ شېئىرنىڭ مەنىسى ئاساسەن يەر يۈزىدە تۇرىدۇ.

ئىككىنچى شېئىردىكى ئىماگلار گۈڭگىراق، ھەم ئۇلارنىڭ ئوخشىتىش ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلمىگەن. قەغەزدە پەيدا بولغان بىر جۈملە ئايال ھەرپلەر، بۇ ھەرپلەرنىڭ قەبىلە باشلىقىنىڭ يالىڭاچلىنىشىدەك ئۆزگىچە ئىماگلار ئوقۇرمەن دىلىغا بىۋاستە ئېتىلغان ئوق، بۇ

تۇيغۇ ئوقى تەگكەندە ئوقۇرمەننىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا مەلۇم بىر ھېسسىيات ناھايىتى جانلىق پەيدا بولىدۇ. بۇلار «ئايالدەك ھەرپىلەر» ئەمەس، بەلكى «ئايال ھەرپىلەر». بايانچى بەلكىم بىر ئايالدىن ئىلھاملىنىپ تەسەۋۋۇرىدىكى «ئايال ھەرپىلەر»نى قەغەزدە تىزىپ بىر پارچە شېئىر، يەنى «بىر جۈملە ئايال»نى يازغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئېنىق ئەسكەرتىلمىگەن. ئاڭلىق ئوخشىتىشتىن ۋاز كېچىپ، يوشۇرۇن ئاڭنى دادىللىق بىلەن غىدىقلايدىغان مەۋھۇم ئىماگلارنى بىۋاستە جانغا كىرگۈزۈش ئادىل تۇنىياز شېئىرىيىتىنىڭ 1990- يىللارنىڭ باشلىرىدا بولۇۋاتقان گۆڭگا بۇرۇلۇشىنىڭ يورۇق بىر ئىپادىسى. بۇ شېئىرنىڭ ئارقا مەنزىرىسى ۋە كەيپىياتىمۇ شۇنداق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن: «تەكچىدە شېشە \ شېشىدىكى نۇر \\ بىر تال پەي. \ ئىش تەرتىپى. \ قەغەز دۆۋىسى.» شېئىر دۇنياسىدىكى ئورنى ئەسكەرتىلمىگەن بۇ ئىماگلار ئوقۇرمەن ئېڭىكاسىدا ئۈزلۈكسىز ناھايىتى ئېنىق بىر سەھنىنى قۇراشتۇرىدۇ، بۇ سەھنە ئۈستىدە شېئىرنىڭ بايانچىسى مونولوگ قىلىدۇ. ئون ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان بۇ سەھنە شېئىرنىڭ كەيپىياتىنى ناھايىتى ياخشى تەڭشەيدۇ، ھەم شېئىرنىڭ ئاخىرىدا قايتىلىنىدۇ: دېرىزە ئېچىلغاندىن كېيىن، نۇر نۇرى شېشىغا، ئۈستەلگە چۈشۈپ، شائىرنىڭ غېرىب لېكىن ھاياجان خىياللار سۈرۈۋاتقان كەيپىياتىنى بۇزۇشقا باشلىسا، بىر دەمدىن كېيىن شائىرنىڭ خىزمەتدىشى كىرىپ كەيپىياتنى تولۇق توزۇتۇۋېتىدۇ. «قىز» ناملىق ئالدىنقى شېئىر پەقەت بايانچىنىڭ بىر تۇراقلىق كەيپىياتىنى ئىپادىلىگەن بولسا، «چەكسىز ئىشخانا» دېگەن شېئىر بايانچى ئەركەكنىڭ بىر ھېسسىيات سەپىرىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى ئىنچام، تەسىرلىك ھەم ئۆزگىچە ئىپادىلەيدۇ. بىرىنچى شېئىر بىۋاستە تەسۋىرلەش ۋە ئوخشىتىشلار بىلەن يورۇتالمىغان ھېسسىيات چوڭقۇرلۇقىنى ئادىل تۇنىياز بۇ كېيىنكى شېئىرىدە گۆڭگا ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ ئۇستىلىق بىلەن ئايدىڭلاشتۇرغان.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان تېما ۋە ئىماگلار ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرىدا ھازىرغا قەدەر ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ كەلگەن، لېكىن ئادىل تۇنىيازنىڭ ئىجادىيەت ئىزدىنىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىپادىلىنىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىلىرى ئۆزگىرىپ تۇرغان. ئادىلنىڭ 2005- يىلى يازغان «ئايالار كېسىلى» دېگەن شېئىرىدىكى بەزى مىسرالارنى كۆرەيلى (تۆۋەندە ئەسلى شېئىردىكى بۆلەكلەرنىڭ بېشىغا قويۇلغان بۆلەك سانلىرى ئېلىۋېتىلگەن):

ئايالار سۇ سۈزۈك-سۈزۈك...
دەريا سالدۇردى ئۆزۈك،
قىزىل رەڭلىك سۇ
قۇيرۇقى ئۆزۈك
پىلتىڭلار قۇمدا.
ئېمىتمەكتە ئۆلۈك بېلىقنى
ئەمچەكلىرى چىڭقىلغان دەريا.

[...]
دوختۇرخانا_
قىز يەيدىغان كاۋاك دەرەخ،
گۆل يەيدىغان غەلتە پۇراق،
پۇل يەيدىغان تېگى يوق بۇلاق.
دېھقان قىزى توختىدى ئىگراپ،
ئۇ كۆكلەمدە پەلەمپەيدىكى
ئېچىلىپ قالغان پىياز چېچىكى.

بىر ئايال چىقتى كوچىغا
ئىشتاننى بېشىغا كىيىپ.

[...]

ئېچىلغاندا قاۋاقخانا ئىشكى
قىز قارايدۇ،
ئەيدىز مارايدۇ،
ھىسابى يۇلتۇزدەك.
ئۆلۈم بىزنى يالايدۇ،
بىز ئۆلۈمنى تېتىيمىز تۇزدەك.

[...]

بۇ قەغەزدە
يېڭى بىر ئايال،
ئايال كىرىپ كەتكەن مىسرادىن
يۈگۈرۈپ چىقتىم كوچىغا.
ئاندىن
ھاۋا ماڭا كۈلۈمسىرىدى.
_مەن ساق،
مەن ساق،
ئەي ئادەم خاتىرجەم كېلىۋەر دېدى.
**(«دېڭىزدىكى كوچا»، 372_369_ بەتلەر)**

بۇ شېئىرنىڭ گۈڭگالىقى 12 يىل بۇرۇن يېزىلغان «چەكسىز ئىشخانا» دېگەن شېئىردىنمۇ قويۇق. چىڭقىلغان ئەمچەكلىرى بىلەن ئۆلۈك بېلىقنى ئېمىتكەن دەريا، گۈل يەيدىغان غەلىتە پۇراقتەك ئاجايىب ئىماگلار ئوقۇرمەننى ناھايىتى گۈڭگا بىر يەرگە ئەكىتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ شېئىر چوڭ جەھەتتىن مەنىسى ناھايىتى ئېنىق، مەزمۇنى ناھايىتى دىداكتىك بىر شېئىر. شائىر ئەتراپىدىكى دۇنيا، يەنى ئايال ئىشتانىنى بېشىغا كىيگەندەك تەتۈر بولۇپ كەتكەن دۇنيادىن نەپرەتلىنىپ، جىنسىي كېسەلنىڭ تارقىلىشى پەقەت بىرلا ئېپادىسى بولغان تېز سۈرەتتىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرگە نارازى بولۇپ ئەندىشىگە پېتىپ قالغان. خۇددى «چەكسىز ئىشخانا» دېگەن شېئىرغا ئوخشاش، بۇ شېئىردىمۇ بىر ئايال قەغەزدە پەيدا بولىدۇ، لېكىن بۇ ئايال ئالدىنقى شېئىردىكى شائىرغا تاتلىق ئىلھام بەرگەن ئايال ئەمەس، بەلكى شائىرنى چۆچۈتىدىغان بىر ئايال. بۇ شېئىر باشتىن ئاخىر بىر خىللا كەيپىيات، يەنى قورقۇنچ، نەپرەتكە تولغان بىر روھىي ھالەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يۇقىرىدا تەھلىل قىلىنغان «شەھەردىن چىقىش» دېگەن شېئىرغا ئوخشاش، «ئاياللار كېسىلى»نىڭ مەنىۋى دۇنياسى ئىككى قۇتۇپلاشقان بىر دۇنيا بولۇپ، بۇ ئىككى قۇتۇپ يەنىلا شەھەرلىشىش، تېخنىكا، ئەركىنلىك ۋەكىللىك قىلىدىغان زامانىۋىلىق بىلەن جەنۇب، ئەخلاق، ساپلىق ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەنئەنىدىن ئىبارەت.

ئادىل تۇنىيازنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى ئىجادىيىتىدە مۇنداق ئىككى قۇتۇپلۇق قىممەت قاراش ناھايىتى كۆپ ئىپادىلەنگەن، شېئىرلىرى قويۇق دىداكتىك تۈس ئالغان. بۇ ئالاھىدىلىكلەر شائىرنىڭ 2000- يىللاردا يازغان شېئىرلىرىنى ئالدىنقى ئەسەرلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ شېئىرىي مەزمۇندىكى بۇرۇلۇش ئادىل تۇنىيازنىڭ 2000-، 2001- يىلى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە تۇرغان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ، ھەم بۇ بۇرۇلۇشنى ئادىلنىڭ شۇ دۆلەتتىكى تەجرىبىلىرى بىلەن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئادىل تۇنىيازشۇناس سۇلايمان قەييۇم مۇنداق يازغان:

> ھەقىقىي ئىسلام مۇھىتىدا بىر يېرىم يىل ياشىدى. ئەرەبلەرنىڭ يوھنى، مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى، ئىسلامىيەتنىڭ ماھىيىتىنى ئەمەلىي چۈشىنىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى دىنىي تۇيغۇنىڭ ئەرەب دىيارىغا بارغاندا تېخىمۇ كۈچىيىپ بارغانلىقى ئادىلدىكى ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام دىنىنى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشى ۋە ئېتىقادىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.
>
> **(سۇلايمان قەييۇم 2009، 27- بەت)**

كۆردۈقكى، ئون يىللاردىن بېرى ئادىل تۇنىياز شېئىر ئىجادىيىتىدە يەنىمۇ يېڭى بۇرۇلۇشلار تۇغدۇرۇلماقتا، شائىر بىر ئىزدا توختاپ قالماي شېئىرىي مەنە نىشانىنى ئۆزگەرتىپ تۇرماقتا. ئەلۋەتتە، بۇ بۇرۇلۇشلارنىڭ بىخلىرى ئادىل تۇنىيازنىڭ بۇرۇنقى ئەسەرلىرىدىمۇ بار ئىدى، بۇنى بىز

ئادىل تۇنىيازنىڭ ئەسقەر ياسىنىنىڭ «كرېستقا مىخلانغان ئەيسا» دېگەن ئوبزورىنى تەنقىدلەپ يازغان «بىزگە كرېست كېرەك ئەمەس» دېگەن 1990- يىلى يازغان ماقالىسىدىن كۆرەلەيمىز. (ئادىل تۇنىياز 2004، 116-118- بەت) شۇنداق بولسىمۇ، ئادىل تۇنىيازنىڭ «شەھەردىن چىقىش»، «ئايالىلار كېسىلى»دەك شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن مەنىۋىي دۇنياسى بىلەن ئون يىل بۇرۇنقى شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەنىۋىي دۇنياسىدا روشەن پەرقلەر بار. ئادىلنىڭ 1990- يىللارنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا يازغان شېئىرلىرى ئاساسەن ئايرىم كىشلەرنىڭ مەلۇم ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىنى چوڭقۇرلاپ ئىپادىلىگەن بولسا، ئۇنىڭ 2000- يىللاردا يازغان شېئىرلىرىدا ئىجتىمائىي تېما، كوللېكتىپ ھېسسىيات ۋە دىداكتىك مەزمۇن كۆپرەك ئۇچرايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئادىل تۇنىيازنىڭ گۇڭگا بۇرۇلۇشتىن كېيىنكى شېئىرلىرى مەلۇم بىر ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكنى ئىزچىل نامايەن قىلىپ كەلگەن. مانا مەن كونكرېت گۇڭگا دەپ ئاتىغان ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىدۇر.

مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇكى، گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمى ھەم شۇ ئېقىمغا مۇھىم تۆھپە قوشقان چەت ئەل مودېرنىزم شېئىرىيىتى ئادىل تۇنىياز شېئىرىيىتىگە 1992، 93- يىللارغىچە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن، ھەم شۇ چاغدىن باشلاپ ئادىل تۇنىيازنىڭ كۆپ ساندىكى شېئىرلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىغا تەۋە. ئادىل تۇنىياز گۇڭگا شېئىر ھەرىكىتىنىڭ ئۆز ئىجادىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: «80- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەدەبىياتىمىزدا تەقەززا بولۇۋاتقان، بولمىسا بولمايدىغان بۇيۇك شېئىرىيەت دولقۇنلىرى يېتىپ كەلدى. چاقماقتەك يارقىن، گۈلدۈرمامىدەك كۈچلۈك بۇ ھەرىكەت گەرچە قىسقىلا داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سىلكىشى ئەدەبىياتىنىڭ جان تومۇرلىرىغىچە بېرىپ تەگدى... 90- يىللارنىڭ بېشىدا مېنىڭ شېئىرلىرىم باشقا بىر يول بىلەن ئۆز تۈگىنى كۆتۈرۈپ، تارتىنغان ھالدا بۇ سەپكە قېتىلدى.» (ئادىل تۇنىياز 2004، 314-315- بەت)

5) تاھىر ھامۇتنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى

تاھىر ھامۇت پەيزاۋات ۋىلايىتىدە 1969- يىلى تۇغۇلۇپ، 10 ياشتا ئائىلىسى بىلەن قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى دۆلەتباغ يېزىسىغا كۆچكەن. 1992- يىلى تاھىر بېيجىڭدىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كەسپىدە پۈتتۈرۈپ، خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. تاھىرنىڭ كىچىك ۋاقتىدا باشتىن ئۆتكۈزگەن يېزا تۇرمۇشى، ئۆسمۈر مەزگىلى ئۆتكەن قەشقەر شەھىرى، ياشلىقنىڭ قايناق يىللىرىدا بېيجىڭدا ئۇچراشقان ھەر خىل تەسىرلەر ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياستى ھازىرلاپ بەرگەن ياخشى شارائىتتا جۇڭگونىڭ ھەر قايسى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە 1980- يىللاردىن باشلاپ قانات يايدۇرۇۋاتقان ژۇرنالچىلىق،

گېزىتچىلىك، سالون-كۇرۇژۇكلارنى ئۇيۇشتۇرۇشتەك پائالىيەتلەرگە ئەگىشىپ بېيجىڭدىكى بەزى ئۇيغۇر ياشلىرىمۇ مۇشۇنداق ئاقارتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ ھەر سالون، كۇرۇژۇك، گېزىت-ژۇرناللارنى ئۇيۇشتۇرغان، بۇ ئىشلارغا تاھىر ھامۇت، پەرھات تۇرسۇندەك ئەدەبىياتخۇمار باللار ئاكتىپچانلىق بىلەن قاتناشقان.

خەنزۇ تىلىنى ناھايىتى پۇختا ئىگىلىگەن تاھىر ھامۇت غەرب مودېرنىزىم ئەدەبىياتىنىڭ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ھەر قانداق بەدىئىي ۋە نەزەرىيىۋىي ئەسەرلىرىنى قىزغىن ئوقۇغان بولۇپ، تاھىرنىڭ بۇ ئىزدىنىشلىرى ئۆزىنىڭ 2000- يىلى نەشر قىلىنغان «غەرب مودېرنىزىم ئەدەبىيات ئېقىملىرى» دېگەن كىتابىدا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ كىتاب غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنى ئۇيغۇر تىلىدا سېستىمىلىق تونۇشتۇرغان تۇنجى مەخسۇس كىتاب بولۇپ، ھەم نەشر قىلىنغاندىن بېرى كۆپلىگەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنى چۈشىنىشگە تۆھپە قوشۇپ، ئالىي مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىرىدىمۇ دەرسلىك بولغان.

تاھىر ھامۇتنىڭ مەتبۇئات يۈزىدە كۆرۈلگەن تۇنجى شېئىرى 1986- يىلى بېسىلغان، ھەم شۇ چاغدىن تارتىپ تاھىرنىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەر قايسى گېزىت-ژۇرناللاردا چىقىپ تۇرغان. تاھىرنىڭ ئۈچ پارچە شېئىرى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئامېرىكىدىكى ئىككى پارچە ئىناۋەتلىك ئەدەبىيات ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندا، ئامېرىكىدىكى ئەدەبىيات ساھەسىدە ياخشى تەسىر قوزغىدى. تاھىر ھامۇتنىڭ شېئىرلىرى ھەجىم جەھەتتىن بەك كۆپ ئەمەس، لېكىن سۈپەت جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇلار ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى نەمۇنىلىرىدىن سانىلىدۇ.

تاھىر ھامۇت كۆپ ئىقتىدارلىق كىشى بولۇپ، بەدىئىي ئەسەرلەرنى يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا كىنوچىلىق ساھەسىدىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. تاھىر 1990- يىللارنىڭ ئاخىرلىرى، 2000- يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىشلىگەن بىر نەچچە پارچە كىنو جەمئىيەتنى زىلزىلىگە سالغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەۋقۇلاددە غۇلغۇلە قوزغىغان «ئاي گۈۋاھ» دېگەن كىنو ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. كىنودىن باشقا تاھىر قۇرغان ئىزگىل ئۈن-سىن شىركىتى ھۆججەت فىلمى، ئېلان، مۇزىكا فىلمى ۋە تېلېۋىزىيە دىراملىرى ئىشلەيدۇ. تاھىر ھامۇت ئائىلىسى بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇرىدۇ.

## 6) تاھىر ھامۇت شېئىرىيىتىدىكى كونكرېت گۈزەللىك بۇرۇلۇش

تاھىر ھامۇتنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرى شائىرنىڭ كۈچلۈك يېزىقچىلىق تالانتى ۋە ھېسسىيات چوڭقۇرلۇقىنى نامايەن قىلغان بولسىمۇ، ئەمما شائىرنىڭ كېيىنكى ئىجادىيەت يۆنىلىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئادىل تۇنىياز شېئىرىيەتكە قەدەم قويغاندىن باشلاپ تا ھازىرغىچە بەزى تېما ۋە شەكىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىجادىيىتىدە ساقلىغان بولسا، تاھىر ھامۇتنىڭ ئىجادىيىتىدە ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىنىش چوڭقۇر. تاھىرنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىدا يازغان تۆۋەندىكى شېئىرىنى كۆرەيلى:

بۇ كۆڭلۈم ئۆگەنگەن شۇ سىنىلىك ئىسمىڭ،
شۇ قەدەر دەھشەتلىك، شۇ قەدەر ئوماق.
ئۆزۈمدەك ناتونۇش، يېقىن سىڭىلدەك،
يىغىدەك مۇڭلۇق ۋە كۈلكىدەك ياڭراق.

چۈش ئىچىدە ئاڭلاپ قېلىپ كەتتىم ئويغىنىپ،
ئاڭلانغاندا ئارقا ياقتىن باقتىم بۇرۇلۇپ.
نەچچە قېتىم ئاغدى يۈرەك-كۆڭلۈم ئۆرتىدى،
يات ئاغزىدىن تولا ئاڭلاپ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ.
**(«ئىسمىڭ»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1989- يىللىق 6- سان، 57- بەت)**

مەيلى تېما، شەكىل، ھېسسىيات ياكى ئىماگ نۇقتىسىدىن بولسۇن، يۇقىرىقى مىسرالار ئېلىنغان شېئىر ھەر قايسى جەھەتتىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئاساسلىق ئېقىمنىڭ ئۆلچىمىگە رىئايە قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ چاغقىچە تاھىر ھامۇت بېيجىڭدە مودېرنىزم ئەدەبىياتى بىلەن خېلى ئۇچرىشىپ بولغان ئىكەن، لېكىن بۇ شېئىرلار چىققان ۋاقىتتا شائىر بەلكىم بۇ تەسىرلەرنى تېخى ھەزىم قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، 1992- يىلىغىچە تاھىر غەرب مودېرنىزمى ۋە ئۇيغۇر گۈڭگا شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزگىچە ئېلېمېنتلىرىنى ئۆزىنىڭ شېئىرىي ئۇسلۇبىغا چوڭقۇر سىڭدۈرۈۋەتكەن:

ئەينەككە سۇ بەرگەن تەشتەكتىكى گۈل،
يېقىنلا ئارىدا سوۋۇيدۇ پات-پات.
بېغىررەڭ ئىسقىرتىش چوقۇپ مۇزلارنى،
تەشتەكنىڭ ئاستىغا قويىدۇ قات-قات.

ئۇخلىغان سىم كارىۋات خورەك تارتمايدۇ،
كۆرپىسى پاخشە خىس، يوتقىنى ئادەم.
پەردىنى سىلكىگەن يوشۇرۇن يورۇق،
شۇ ياقتىن ئېيسدۇ بىردەم-يېرىم دەم.
**(«بۇ يەردە»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1992- يىللىق 3- سان، 43- بەت)**

بۇ شېئىر ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ چىققان بىر نەچچە پارچە تاھىر ھامۇت شېئىرى شەكىل جەھەتتىن يەنىلا ئاساسلىق ئېقىمدىكى شېئىرلاردىن پەرقلەنمەيدۇ. ھەممىسى قاپىيىداش شېئىر، ھەم كۆپىنچىسى ABCB ياكى ABAB شەكلىدە قاپىيە كېلىدۇ. لېكىن مەزمۇن ۋە ھېسسىيات

جەھەتتىن بۇ شېئىرلارنىڭ بەزىلىرى ئاساسلىق ئېقىمدىكى شېئىرىيەتتە كۆپ ئۇچرىمايدىغان يەرلەرگە قاراپ ماڭغان: سەۋەبى ئېنىق بولمىغان تەشۋىشلەر، چۈشكۈنلۈكنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەر قاتارلىق تېمىلار ئۇچرايدۇ. ئىماگ جەھەتتەن، بۇ شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسى گوۋگىا ئېقىمغا تەۋە. رەڭ تۇس ئالغان، ماددىي نەرسىدەك ھەرىكەت قىلىدىغان ئاۋازلار 1990- يىللارنىڭ باشلىرىدىكى گوۋگىا شېئىرلاردا كۆپ تېپىلىدۇ، ھەم تاھىر ھامۇتنىڭ مۇزلارنى چوقۇغان بېغىررەڭ ئىسقىرتىش ئادىل تۇنىيازنىڭ «لەيلەپ يۈرگەن سارغۇچ بىر ئاۋاز»نى ئەسلىتىدۇ. بۇ يىللاردا ئادىل تۇنىياز بىلەن تاھىر ھامۇتنىڭ شېئىرلىرىدا شۇ ۋاقىتتا ئەخمەتجان ئوسمان باشلامچى بولغان گوۋگىا شېئىرىيەت گۇرۇھىنىڭ تەسىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي تاھىر ۋە ئادىل ئىككىلىسى ئۆزىگە خاس يول تۇتۇپ، ئاساسلىق گوۋگىا ئېقىمدىن يىراقلاشقان. تاھىر ھامۇت شېئىرىيىتىدىكى كونكرېت گوۋگىا بۇرۇلۇشى 1993- يىلىغىچە ئايان بولدى:

مېنىڭ خۇدا بەرگەن بىر پارچە ئېتىزىم بار
ھەر قېتىمقى ھېيىت ھارپىسىدا
مەن ياۋا ئۆت-چۆپلەرنىڭ ئىستىقبالسىز ئۆسۈشىنى،
قۇشقاچلارنىڭ ئەرزىمەس كىچىككىنە ھاياتىنى ،
ئۆزەمنىڭ ئاستا-ئاستا ئۇزىرىۋاتقان سايەمنى كۆزىتىمەن.
ئەتىسى،
بەدىنىمدىكى تۈكلەرنىڭ بىر ھەسسە كۆپەيگەنلىكىنى سېزىمەن.
بارمىقىمغا ياراشمىغان بىرتال تۆمۈر ئۈزۈك بىلەن
قەدىمدىن قالغان تېتىقسىز بىر ناخشا
ئالقىنىمدا بېركىدۇ.
مەن مانا مۇشۇنداق پىشىپ يېتىلىمەن،
تېخىمۇ رەھىمسىز ۋە تېخىمۇ پەرۋاسىز بوپ كېتىمەن.
بەزىدە
گازىر چېقىپ كېتىۋاتقان بىر توپ باللارنى ئۇچرىتىپ،
ئەنجۈر دەرىخىنىڭ سۈت رەڭلىك شىرنىسىنى ياكى
ئەتە كىيىدىغان يېڭى كىيىمىنى ئويلىشىم مۇمكىن.
بەلكىم، ساڭا دەرمەن:
ـ مېنىڭ ئانام كاپىر ئەمەس.
**(«قۇربان ھېيت ھارپىسى، 93'»، «Crazyhorse» ژۇرنىلى 79- سان، 2011- يىل)**

بىز يۇقىرىدا تاھىر ھامۇتنىڭ «جەنۇبقا سەپەر» دېگەن شېئىرىدىن شائىرنىڭ يېزا تۇرمۇشى، ئەنئەنىۋي تۇمۇشقا بولغان مۇرەككەپ ھېسسىياتىنى كۆردۇق، بۇ ھېسسىيات بۇ شېئىردىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بايانچى ئۆزىنى بىر پارچە يەرنىڭ ئىگىسى دەپ بىلىدۇ، دېمەك، ئۇنىڭ كىملىكى مۇشۇ يېزىغا چەمبەرچاس باغلانغان. لېكىن، ئۆز يېزىدا ئۆسىدىغان ئەنجۈر دەرىخى، ھېيتتا كىيىدىغان يېڭى كىيىمدەك نەرسىلەر ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا مەنە بەرسىمۇ، بايانچى يەنىلا ئۆزىنىڭ بۇ

يەردىكى يۆنىلىشىدىن گۇمانلىنىشىدۇ. ھەر يىللىق ھېيت ھارپىسىدا ئوت-چۆپلەرنىڭ ئىستىقبالسىز ئۆسۈشى، قۇشقاچلارنىڭ ئەرزىمەس كىچىككىنە ھاياتىنى ئۆزىگە ئوخشىتىپ، ئۆزىنى يەنە بىر يىلنى نىشانسىز ئۆتكۈزگەندەك ھېس قىلىپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئويلىشىدۇ. بۇ شېئىرنىڭ ئىپادىلىشى ئۆزگىچە ھەم بىۋاسىتە لوگىكىدىن ھالقىغان، يەنى كېلىپ، بۇ بىر پارچە گۈڭگا شېئىر. لېكىن بۇ شېئىردا رېئال دۇنيا ناھايىتى تەسىرلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ يەردە ۋاستىلىك بىر سىمۋوللۇق دۇنيا يوق، بەلكى رېئال دۇنيا گۈڭگا سىمۋوللار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئىجادچانلىقى، چوڭقۇرلۇقى ۋە ئىستىلىستىكىلىق ماھارىتى بىلەن، تاھىر ھامۇتنىڭ گۈڭگا شېئىرلىرى كونكرېت گۈڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ بىر پەللىسى.

7) پەرھات تۇرسۇننىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى

پەرھات تۇرسۇن 1969- يىلى ئاتۇش شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر يېزىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى يېزا مەكتەپنىڭ مۇدىرى ۋە ئوقۇتقۇچىسى. شائىر پەرھات تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى 1984- يىلى تاماملاپ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر تىل ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1989- يىلى شۇ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ باكلاۋىر ئۇنۋانىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە كېلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقان. 2005- يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى (سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى)غا قايتىپ چاغاتاي ئەدەبىياتى كەسپىدە ئاسپىرانتلىققا ئوقۇپ، 2008- يىلى ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئالغان. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «لەيلى-مەجنۇن» دىۋانى ھەققىدىكى دىسسېرتاتسىيىسى بىلەن 2011- يىلى دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ھازىر شىنجاڭ خەلق سەنئەت يۇرتىدا فولكلور تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بېيجىڭدە تولۇق كۇرستا ئوقۇغان ۋاقتىدا، شائىر ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى جۇڭگودا كەڭ كۆلەمدە تارقالغان ھەر خىل يېڭى ئىدىيە ۋە ئېقىملارنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان، بولۇپمۇ غەرب مودېرنىزم شېئىرىيىتى ۋە پروزا ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ، پسىخولوگىيە، پەلسەپە، ۋە دىنشۇناسلىق ھەققىدىكى خەنزۇچە كىتاب-ماقالىلەرنى قېتىرقىنىپ كۆرگەن. شۇ يىللاردا بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان نۇرغۇن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى بۇرۇنقى شارائىتتا بەھرىمان بولالمىغان يېڭى ئۇچۇرلار بىلەن تېزراق تونۇشۇپ چىقىش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپلەردە ھەر خىل ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرغان. شۇ ۋاقىتلاردا پەرھات مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىكى باشقا مىللىي باللار بىلەن ھەمكارلىشىپ «ئۇچقۇن» دېگەن بىر ژۇرنالنى چىقارغان، ھەم مەدەنىيەت ئاقارتىشقا ئائىت تۈرلۈك پائالىيەتلەرگىمۇ قاتناشقان. پەرھاتنىڭ شۇ يىللاردىكى پىكىرداش دوستلىرى ئىچىدە ھازىر كۆزگە كۆرۈنگەن تاھىر ھامۇت، پەرھات ئىلياسقا ئوخشاش ئەدەبىياتچىلار بولغان، شۇنىمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، سۇرىيەدە ئوقۇپ قايتقان ئەخمەتجان ئوسمان 1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا

بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان ياش ئۇيغۇر ئەدەبىياتچىلىرى بىلەن كۆپ پىكىرلەشكەن بولۇپ، بۇمۇ شۇ ياش شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

تۆۋەندە پەرھات تۇرسۇننىڭ شېئىرىيىتى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىمىز، لېكىن، ئالدى بىلەن شائىرنىڭ باشقا ژانىرلاردىكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتەيلى. پەرھاتنىڭ «ھالاكەت» ناملىق تۇنجى پوۋېستى 1989- يىلى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئارىدىن ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن شائىرنىڭ بىر قانچە پوۋېستتىن تەركىب تاپقان «مەسىھ چۆلى» دېگەن پوۋېست توپلىمى نەشر قىلىنغان. «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» ناملىق تۇنجى رومانى ھەم قىزغىن ئالقىشقا ھەم قاتتىق تەنقىدلەشكە ئېرىشكەن، بۇ ئەسەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەڭ تالاش-تارتىشتا قالغان رومان ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن سىرت، شائىر پەرھات ئەدەبىي ئوبزورلىرى بىلەنمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىيات ساھەسىدە ئۆزىنىڭ ھەر خىل كۆز قاراشلىرىنى نامايەن قىلغان.

پەرھات تۇرسۇننىڭ پروزا ئەسەرلىرى كۆپ مۇنازىرىلەرگە تۇرتكە بولغاچقا كىتابخانلارنىڭ كۆپىنچىسى پەرھاتنى پروزا يازغۇچىسى دەپ تونۇيدۇ، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھازىرغىچە ئوقۇرمەن ۋە ئوبزورچىلارنىڭ دىققىتىگە نىسبەتەن ئاز ئېرىشكەن. ئەمما، پەرھاتنىڭ ئىجادىيىتىدە شېئىرىيەت ئەزەلدىن مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. پەرھاتنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرى شېئىردىن تەركىب تاپقان، تۇنجى كىتابىمۇ شېئىر توپلىمى ئىدى. شائىرنىڭ شېئىرىيەت ۋە پروزا ئەسەرلىرى ئارىسىدا تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئورتاقلىقلار ۋە پەرقلەر بار. گەرچە ھەر ئىككى ژانىردىكى ئەسەرلىرى قويۇق مودېرنىزم تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇسلۇب ھەم مەزمۇن جەھەتتىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. پەرھاتنىڭ 20 يىلدىن بۇيانقى ھەر قايسى ژانىرلاردىكى ئەسەرلىرى چۈشكۈن ھەم گۇڭگا بولسىمۇ، ئەمما، بۇ ھېسسىياتلار پروزا ئەسەرلىرىدە تەكرارلاش، غۇۋالىق، ۋە سخېمىلىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق چىقىرىلغان بولسا، شېئىرىي ئەسەرلىرىدە ھەر خىل ئاجايىب ئىماگلار بىلەن گەۋدىلەنگەن. بۇ پاراگرافتا، مەن پەرھاتنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنى مەركەز قىلىپ، ئۇنى ئىككى باسقۇچقا بۆلگەن ھالدا ئېستېتىكىلىق ھەم پەلسەپىۋىي جەھەتتىن ئىزاھلىماقچى.

پەرھات تۇرسۇننىڭ شېئىر ئىجادىيىتىنى ئىككى دەۋرگە ئايرىغىلى بولىدۇ. بىرىنچى دەۋردىكى شېئىرلىرى ئەنئەنىۋىي مەزمۇننى تېما قىلغان قاپىيىداش شېئىرلار بولسا، ئىككىنچى دەۋردىكى شېئىرلىرى ئەنئەنىۋىي تېمىلاردىن چەتنەپ كەتكەن چاچما شېئىرلاردۇر. بۇ ئىككى ئىجادىيەت دەۋرىنى شېئىرىي ئۇسلۇب ۋە تېمىلا ئەمەس، بەلكى يېزىلغان ۋاقتىمۇ ئايرىپ تۇرىدۇ. شېئىر يېزىشقا باشلىغاندىن باشلاپ تاكى 1993- يىلىغىچە، پەرھات تۇرسۇننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى شېئىرنى ئاساس قىلغان. 1990- يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ شائىر دىققىتىنى پروزا ئەسەرلىرىگە قارىتىپ، 1993- يىلدىن 2000- يىلغىچە شېئىرلارنى كۆپ يازمىغان. ئىككى چوڭ پروزا ئەسىرى، يەنى «مەسىھ چۆلى» ۋە «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى»نى 1998- يىلى ۋە 1999- يىلى نەشر قىلدۇرغاندىن كېيىن، پەرھات شېئىر يېزىشقا قايتىدىن كىرىشكەن. لېكىن، پەرھاتنىڭ 1993-

يىلىغىچە يازغان شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قاپىيىداش ۋە بارماق ۋەزنىلىك، تېما ۋە ئىماگ جەھەتتىن ئۇيغۇر شېئىر ئەنئەنىسىگە رىئايە قىلغان بولسا، 2000- يىلىدىن كېيىن يازغانلىرىنىڭ زور كۆپ سانى شەكىل جەھەتتىن چاچما، مەزمۇن جەھەتتىن گۈڭگا بولغان.

پەرھاتنىڭ شەكلى مودېرنىزمچە شېئىرلىرى مەزمۇن جەھەتتىنمۇ چوقۇم مودېرنىزمچە بولىدۇ. شائىرنىڭ 2000- يىلىدىن كېيىن يازغان گۈڭگا شېئىرلىرى چاچما شەكىلدە يېزىلغان، بەزىلىرى نەسىرگە ئوخشاپ قالىدۇ، بۇ يۈزلىنىش شائىرنىڭ ئالدىنقى سەككىز يىلدا ئاساسەن پىروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى شېئىرلىرىنىڭ تېما بىلەن ئىماگلىرىمۇ يېڭىچە بولۇپ، غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر گۈڭگا شېئىرىيىتى، خەنزۇ گۈڭگا شېئىرىيىتىدىن ئىلھام ئالغان. شۇنىڭ بىلەن پەرھاتنىڭ كېيىنكى ئىجادىيەت مەزگىلىدىكى شېئىرلىرى دەسلەپكى ئىجادىيەت مەزگىلىدىكى شېئىرلىرىدىن ھەم مەزمۇن ھەم شەكىل جەھەتتىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، بىر يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىنى دەۋرگە ئايرىش ھامان نىسبىي بولىدۇ. پەرھات تۇرسۇننىڭ گۈڭگا شېئىرلىرىدا تولۇق ئىپادىسىنى تاپقان مودېرنىزم ئۇسلۇبىنىڭ بىخلىرىنى دەسلەپكى شېئىرلىرىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، 1991- يىلى يېزىلغان «يالماۋۇز ناخشىسى» دېگەن شېئىر شەكىل ھەم مەزمۇن جەھەتتىن گۈڭگا بولۇپ، شائىرنىڭ مودېرنىزم يۈزلىنىشىنىڭ بىر دەسلەپكى بەلگىسى ھېسابلانسا، 2000- يىلىدىن كېيىن يازغان بەزى شېئىرلىرى بىر قەدەر ئەنئەنىۋي. بۇنىڭغا 2004- يىلدا يېزىلغان «خىلۋەتتىكى گۈل» دېگەن شېئىرنى مىسالغا ئالايلى:

گويا خىلۋەتتە ئېچىلغان گۈلسەن،
جاھان ئەھلىدىن ئۈزلىقىڭ پىنھان.
سېنى قىزغىنىپ پۈتۈن ئالەمدىن
كۆيىمەن شۇنداق يوشۇرۇن جانان.
**(ئېلان قىلىنمىغان)**

## 8) پەرھات تۇرسۇننىڭ كلاسسىك ئۇسلۇبىدا يېزىلغان مۇھەببەت لىرىكىلىرى

ىر پەرھاتنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ بىرىنچى شېئىرى 11 يېشىدا يېزىلغان بولۇپ، شۇ ۋاقتتىن تارتىپ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە ئەنئەنىۋي ئۇسلۇبىدىكى شېئىرلارنى داۋاملىق يازغان. 1980- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، شېئىرلىرى ھەر قايسى ئۇيغۇرچە گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. 1998- يىلى شائىرنىڭ «مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن يۈز پارچە» ناملىق تۇنجى شېئىر توپلىمى ئوبزورچى ۋە كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. بۇ توپلامدىكى شېئىرلار ئاساسەن پەرھاتنىڭ دەسلەپكى شېئىر ئىجادىيىتى دەۋرىگە تەۋە بولۇپ، ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىدا

يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما، شائىر شۇ چاغدىلا مودېرنىزم شېئىرىيىتىگە قىزىقىشقا باشلىغان.

شائىر پەرھاتنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەت مەزگىلىدىكى شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئەڭ ئومۇملاشقان شەكىل بولغان ABCB قاپىيەلىك شەكىلدە يېزىلغان. «مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن يۈز پارچە» دېگەن توپلامدىكى شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك تېمىسى بولغان ھىجران-ۋىسال تېمىسىنى ئاساس قىلغان. بۇ شېئىرلار خۇددى ئۇيغۇرچە مۇھەببەت شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە ئوخشاش، بىرىنچى شەخستە يېزىلغان بولۇپ، ئىندىۋىدۇئال ھېسسىياتنى مەركەز قىلىدۇ، يەنى، كۆپىنچىسى ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي تېمىلارغا تاقاشمايدۇ. بۇ شېئىرلاردا قوللىنىلغان تىل ۋە ئىماگلار ئاساسەن ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ نەمۇنىسىگە ئەگەشكەن. شائىر ئۆسمۈر ۋاقتىدىن تارتىپ ئەنئەنىۋىي شېئىرىيەت ژانىرلىرىدا ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىپ كەلگەن، ھەم بۇ ماھارەت مەزكۇر توپلامدا ناھايىتى ياخشى گەۋدىلەنگەن. پەرھات تۇرسۇننىڭ ئەڭ ئېسىل مۇھەببەت شېئىرلىرىنىڭ بەزىلىرى 20 يېشىدىن بۇرۇن يېزىلغان، ھەم بۇنداق شېئىرلارنى شائىر ھازىرمۇ ئاندا-ساندا يېزىپ تۇرىدۇ.

ئەمما، «مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن يۈز پارچە»دىكى بەزى شېئىرلار پەرھاتنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ كېيىنكى يۈزلىنىشى، يەنى تېما، شەكىل، ۋە ئىماگ جەھەتتىكى يېڭىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. 1989-يىلى ئەتراپىدا، پەرھات چاچما شېئىر يېزىشقا باشلاپ، 1991- يىلىغىچە ئۆزىگە خاس بىر چاچما ئۇسلۇبنى ياراتقان، بۇنىڭغا شائىرنىڭ 1991- يىللىق «يالماۋۇز ناخشىسى» دېگەن شېئىرى مىسال بولالايدۇ:

قورقىمەن
خۇددى پىچاق بىلىگەندە چىققان ئاۋازدەك
ياكى شامالدا لەپىلدىگەن بايراق ئاۋازىدەك
قاغىغان ئۈندىن
قورقىمەن
تارىخنىڭ قاراڭغۇ جايلىرىدا سەن بىلەن ئۇچرىششتىن
گاھىدا پەرياد قىلىمەن سەۋەبسىز
گاھىدا قاھ - قاھ كۈلىمەن سەۋەبسىز
**(ئېلان قىلىنمىغان)**

پەرھاتنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەت دەۋرىدىكى شېئىرلىرىنى ئاتمىش يىلدىن بېرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئاساسلىق ئېقىم بولغان شېئىر ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىگە تېما ھەم مەزمۇن جەھەتتىن ئۇچرىغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن، ئارۇز ۋەزنى شەكىللىرى بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىر

قەدەر ئاز قوللىنىلىپ، ئاممىبابراق ABCB قاپىيە شەكىللىرى كۆپرەك ئىشلىتىلگەن. بۇ ئاددىي قاپىيە شەكىل ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھۆكۈم سۈرگەن خەلقچىللىق، ئاممىبابلىق دېگەندەك پرىنسىپلارغا مۇۋاپىق كەلگەن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ پەرھات تۇرسۇننىڭ دەسلەپكى ئىجادىيىتىگە بولغان تەسىرى بۇ شەكىل جەھەتتىكى ئورتاقلىقلاردا كۆپرەك ئىپادىلەنسە، كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرى كۆپرەك تېما ۋە ئىماگلاردا ئىپادىلەنگەن. 80- يىللاردا نۇرغۇنلىغان كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىيات ئەسەرلىرى قايتىدىن نەشىر قىلىنغان، ھەم بۇ ئەسەرلەر پەرھات تۇرسۇندەك ياش شائىرلارغا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. پەرھاتنىڭ شۇ چاغدىكى شېئىرلىرىدا ۋىسال-ھىجران، يارنىڭ ئوتىدا كۆيۈشتەك تېملار 50-، 60- يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بىر قەدەر ئاز ئۇچرىغان بىلەن، ئەمما بۇ تېملار ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى بولغان. بۇ تېملارنىڭ پەرھات تۇرسۇننىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەت مەزگىلىدىكى ئىپادىسىنى تۆۋەندە كۆرىمىز.

شائىر پەرھاتنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىدا ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان تېما مۇھەببەتتۇر، شۇ شېئىرلاردا بۇ تېما ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە پارس ئىسلام ئەدەبىياتىغا ئەگىشىپ ھىجران، ۋىسال، پىراق دېگەندەك ئۇقۇملار ئارقىلىق گەۋدىلەنگەن. خۇددى ئەلىشىر نەۋائىي، بابا رەھىم مەشرەپ، قاتارلىق كلاسسىك چاغاتاي شائىرلىرىدەك، پەرھاتنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى كۆپىنچە مۇھەببەتنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت يولىدا تارتقان ئازابلارنى، ھەم ۋىسال ئەمەس، بەلكى ھىجراننى بەكرەك تەكىتلەيدۇ. كلاسسىك شائىرلار بەزى شېئىرلىرىدا يارنى كۈيلىگەندە ئەمەلىيەتتە خۇدانى كۈيلىگەن بولسا، پەرھات بۇ ئەسەرلىرىدە ناھايىتى كونكرېت ھالدا گۈزەل قىزلارنى مەدھىيىلەيدۇ.

بۇ شېئىرلاردىكى بايانچىلار ھاياتنىڭ مەنىسىنى ئىشقىي پىراقتا كۆيۈش ئارقىلىق ھېس قىلغاچقا، ۋىسالغا ئېرىشكەندىمۇ شادلانماي، ئەكسىچە تېخىمۇ ئازاپلىنىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىر تىپىك مىسالى تۆۋەندىكىچە:

ئايىغىڭ ئاستىدا كۈل بوپ چېچىلدىم،
زىمىستان باغرىمغا تۆكمە يېشىڭنى.
ئاھ، يەتتىم ۋىسالغا ئۆچكەندە كۆيۈپ،
سوغىمىدۇ ئەسلىدە ۋىسال ھەممىسى؟
**(«ۋىسال»، 1988- يىل**
**«مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن يۈز پارچە»، 49- بەت)**

بۇ شېئىرلاردىكى بايانچىلارنىڭ يارغا بولغان مۇھەببىتى بىر ئاچچىق لەززەت. پەرھاتنىڭ بۇ مەزگىلدىكى كۆپ شېئىرلىرىدا بايانچى ئۆزى سۆيگەن قىز تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى پەقەت ئۈزەلمەيدۇ، بۇنى تۆۋەندىكى مىسالدىن كۆرەيلى:

ئايرىلدۇق نېچۈن قول ئېلىشماي تېخى،
نەلەرگە يوقالدىڭ ئالدىراپ تېنەپ؟
قەلبىمدە قالدۇرۇپ سۆيگۈ يارىسى،
كىملەرنى سۆيگۈڭگە يۇردۇڭ يار ئەيلەپ؟
**(«ھىجران»، 1988 ـ يىل**
**«مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن يۈز پارچە»، 33 ـ بەت)**

شائىر پەرھاتنىڭ بۇ دەسلەپكى شېئىرلىرىدا ھىجراننىڭ مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىپادىسى ئىكەنلىكى، مەشۇقنىڭ قەدرىگە پەقەت ئايرىلغاندىلا يېتىپ بولغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىر قىزنىڭ گۈزەللىكى مۇھەببەتكە ئىلھام بولالىسىمۇ، ئەمما دەل شۇ گۈزەل تەنگە ئىرىشمەكچى مۇھەببەت ھېسسىياتىنى مەنىلىك ھەم مۇقەددەس قىلىدۇ. شۇ سەۋەبدىن گەرچە بۇ شېئىرلار قىزلارنىڭ جامالىغا بولغان ھەۋەسكە تولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار جىنسىيەتنى ئىنسانىيەتنى تۇڭگەشتۈرىدىغان نەرسىدەك كۆرسىتىدۇ:

بىلەلمىدىم يالغان كۈلگەڭ، گۈزەل چىرايىڭ
نېچۈن مېنى ئاشىق قىلار بۇنچە قەلەم قاش؟...
**(«بۇ قانداق ئالداش؟»، 1985 ـ يىل**
**«مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن يۈز پارچە»، 8 ـ بەت)**

شېرىن چۈشتەك گۈزەل دەيمەن ئاشۇ ئېزىشنى،
ئالدىنىمەن بىلىپ تۇرۇپ، خالاپ ھەممىشە.
بىر جۈپ قەبرە يۇرىكىمنى قىلىدۇ بەرباد،
نېپىز كۆڭلەك توسالمىغان ئاپئاق كۆكسۈڭدە.
**(«ئېزىقىش»، 1988 ـ يىل**
**«مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن يۈز پارچە»، 45 ـ بەت)**

بۇ شېئىرلاردا قوللىنىلغان ئىماگلارمۇ ئاساسەن كلاسسىك ئىماگ، مەسىلەن، باھار بىلەن كۈز، گۈل بىلەن خازان. پەرھات تۇرسۇن شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ ھەر ئىككى دەۋرىدە، شائىر ئىككى قارىمۇقارشى ئۇقۇمنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇشنى مۇھىم شېئىرىي ۋاستە قىلغان، ئەمما، بۇ خىل بەدىئىي تاكتىكا شۇ ئىككى دەۋردە ئوخشىماي ئىپادىلەنگەن. شائىرنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرىدا بۇ ئىماگلار كلاسسىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئومۇملاشقان مەنىلەرگە سىمۋوللۇق قىلىنغان. مەسىلەن، باھار پەسلى ياشلىق بىلەن شېرىن مۇھەببەتكە ۋەكىللىك قىلسا، كۈز پەسلى ياشنىڭ چوڭىيىشى

بىلەن مۇھەببەتنىڭ ئاچچىق تەرەپلىرىگە سىمۋول قىلىنغان:

كۆز ياشلار تۆكۈلگەن خازانلار ئارا،
ئۇيۇشۇپ تىترەيدۇ جىسمىم شۇ تاپتا.
بىز دائىم مۇڭداشقان شۇ تاش ئورۇندۇق،
چۆمۈلۈپ تۇرۇپتۇ كۆز ياشلار ئارا.
چېھرىمدەك سارغىيىپ كەتكەن خازانى،
توسۇلدۇم ياش تۆككەن دەرەخ ئالدىدا...
**(«خىلۋەتتە ئاھ غېرىب شۇ تاش ئورۇندۇق»، 1988 ـ يىل**
**«مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن يۈز پارچە»، 54 ـ بەت)**

قارىمۇ قارشى ئۇقۇملارنى سېلىشتۇرۇشتەك بۇ بەدئىي ئۇسلۇب پەرھاتنىڭ كېيىنكى شېئىرلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ، ئەمما، دەل مۇشۇنداق ئىستىلىستىكىلىق ئورتاقلىقتىن ئىككى ئىجادىيەت دەۋرى ئارىسىدىكى پەرقلەرنى روشەن بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

9) پەرھات تۇرسۇن شېئىرىيىتىدىكى كونكرېت گۈڭگا بۇرۇلۇش

ھاتىنىڭ كېيىنكى شېئىر ئىجادىيىتى مەزگىلىدىكى شېئىرلار بۇرۇنقى شېئىرلىرىغا قارىغاندا سۈپەت جەھەتتىن ئېگىز-پەس بولۇپ، ئەڭ ياخشىلىرى شائىرنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىدە بىر يۇقىرى پەللە ياراتقان بولسا، ناچارلىرىدىن ئوقۇرمەن ھېچ قانداق زوق ئالالمايدۇ. بۇ شائىر پەرھاتنىڭ كېيىنكى شېئىر ئىجادىيىتى مەزگىلىدىكى تەۋەككۈلچىلىك روھى، يېڭىلىق يارىتىش ئىستىكىنىڭ بىر نەتىجىسى. شائىر قېلىپلاشقان، بىختەر شېئىر شەكىللىرىنى تاشلاپ، يېڭى شەكىللەرنى سىناشقا بەل باغلىغاچقا، بەزى سىناقلاردىن نەتىجە چىقماسلىقى تەبىئىي. بۇ تەۋەككۈلچىلىك روھى بىلەن پەرھات ئۆزى بىلەن دەۋرداش بولغان بەزى شائىرلارغا ئىلھام بولغان، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە پەرھاتنىڭ تەسىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

پەرھاتنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى باھار-كۈز، يوپۇرماق-خازاندەك كلاسسىك شېئىرىيەتتە قېلىپلاشقان قارىمۇ قرشى ئىماگلاردىن كۆپ پايدىلانغان بولسا، شائىر كېيىنكى شېئىرلىرىدا غەيرىي ھەم مەنتىقەتسىز قارىمۇ قارشىلىقلارنى كۆپ قوللىنىدۇ. بىز بىرىنچى بابتا كۆرسەتكەندەك، مەزكۇر ئالاھىدىلىك پۈتۈن گۈڭگا ئېقىمغا ئورتاق، يەنى گۈڭگا شائىرلارنىڭ بىر-بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىماگلارنى تەڭ ئىشلىرىپ، تەتۈر تاناسىپ ئوخشىتىشلارنى پەيدا قىلىشى ئۇشبۇ ئېقىمدا خېلى ئومۇملاشقان.

ئۇلار خۇددى خىيالىي تۇيغۇدەك يېقىن بولسىمۇ

ئۇلار خۇددى ئۆز تېنىمدەك يىراق بولسىمۇ
**(«يالماۋۇز ناخشىسى»، ئېلان قىلىنمىغان)**

پەرھاتنىڭ كېيىنكى شېئىرلىرى مەزمۇن ھەم ئىماگ جەھەتتىن بۇرۇنقى شېئىرلىرىغا قارىغاندا كۆپ مەنبەدىن پايدىلىنىدۇ، بۇ مەنبەلەر ئۇيغۇر تارىخى، قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرى، شامان دىنى، قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەرھات تەبئىيەتتىن ھالقىغان ھادىسىلەرگە قىزىققاچقا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا دىن، مۆجىزە ۋە سېھىرگە مۇناسىۋەتلىك تېمىلار كۆپ ئۇچرايدۇ. شائىرنىڭ بۇرۇنقى ئەسەرلىرى بىرىنچى شەخستە يېزىلىپ، شەخسىي ھېسسىياتنى ئاساس قىلغان بولسا، كېيىنكى شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۈچىنچى شەخستە يېزىلغان، ھەم بەزىلىرى ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي تېمىلارنى شەخسىي تېمىغا باغلايدۇ.
تۆرلۈك سەۋەبلەردىن، پەرھات تۇرسۇننىڭ كېيىنكى شېئىرلىرىدىن ھازىرغىچە ئايرىم توپلام چىقمىغان. ئەمما، بۇ شېئىرلار گەرچە پەقەت ژۇرنال، گېزىت ياكى تورلاردىلا ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئىجادچانلىق ۋە يۇقىرى بەدىئىيلىكى بىلەن ئۇيغۇر مودېرنىزم شېئىرىيىتىگە يەنىلا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن.
ئەلۋەتتە، پەرھاتنىڭ شېئىرىيىتىدىكى مودېرنىزم بۇرۇلۇشىنىڭ بىر مۇھىم تۈرتكىسى ئەخمەتجان ئوسمان باشلامچى بولغان گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىدۇر. ئەمما، پەرھاتنىڭ مودېرنىزم ئۇسلۇبى باشقا گۇڭگا شائىرلاردىن خېلى پەرقلىنىدۇ، يەنى كۆپرەك گۇڭگا شائىرلار شېئىرلىرىدا مەۋھۇم بىر دۇنيانى يارىتىپ، شۇ دۇنيانى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئوي-پىكىر، ھېس-تۇيغۇلارنى ئىپادىلەشكە مايىل بولسا، پەرھات تۇرسۇن، تاھىر ھامۇت قاتارلىق بىر تۈركۈم گۇڭگا شائىرلار رېئال دۇنيادىكى نەرسىلەر ۋە ئەھۋاللارنى تەسۋىرلەپ مەقسىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئەخمەتجان ئوسمان بىلەن پەرھات ئېلياسنىڭ شېئىرلىرىدا ئىنسانلاشتۇرۇلغان ھايۋانلار ۋە جانسىز نەرسىلەر كۆپ ئۇچرىسا، پەرھات تۇرسۇننىڭ شېئىرلىرىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژلار ئادەتتە ئىنسان بولىدۇ. بۇ خىل پەرق پەرھات تۇرسۇن ۋە تاھىر ھامۇتنىڭ شېئىرلىرىنى باشقا گۇڭگا شائىرلارنىڭكىدىن روشەن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.
پەرھات تۇرسۇننىڭ دەسلەپكى شېئىر ئىجادىيەت مەزگىلىدە يازغان شېئىرلىرى ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبقا يېقىنراق بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى مەزگىلدىكى مودېرنىزم شېئىرلىرى قەدىمكى تۈرك ئەدەبىياتى ۋە تەسەۋۋۇپ كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇرراق ئۇچرىغان. پەرھاتنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى 1950- يىللاردىن 80- يىللارغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاساسلىق ئېقىم بولغان يېڭى ئەدەبىيات، يەنى تېپىچان ئېلىيېۋلار ۋەكىللىك قىلغان ئەدەبىيات ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسا، كېيىنكى شېئىرلىرى ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دەۋرى باشلانغاندىن كېيىن قايتىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆپرەك ئىلھام ئالغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، 50- يىللاردىن 80- يىللارغىچە بۇ كلاسسىك شېئىرلار كۆپ نەشىر

قىلىنىش پۈرسىتىگە ئىگە بولالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دەۋرى باشلانغىچە تېپىچان ئېلىپبۇلار ۋەكىللىك قىلغان ئېقىم ياش شائىرلارغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئەڭ چوڭ ئېقىم بولۇپ قالغان ئىدى. 80- يىللاردىن باشلاپ، كلاسسىك تۈرك ۋە پارس شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ئەسلىگە كەلگەن.

شۇڭلاشقا، پەرھاتنىڭ بەزى مودېرنىزم شېئىرلىرىدىمۇ بۇ كلاسسىك شائىرلارنىڭ تەسىرى بىلىنىپ تۇرىدۇ. شائىرنىڭ «قەسىدە» دېگەن شېئىرى ئۆز ئىسمىنى ئىسلام كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسلىق شەكىللىرىدىن بىرى بولغان قەسىدە ژانىرىدىن ئالغان. بۇ شېئىر شەكىل جەھەتتىن كلاسسىك قەسىدىلەردىن پەرقلەنسىمۇ، ئەمما، ئۆزىنىڭ كلاسسىك شېئىرىيەتكە بولغان مۇناسىۋىتىنى يەنىلا نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ شېئىرنىڭ ھەر بىر كۇپلېتى «بىلەمسەن مەن سەن بىلەن بىللە» دېگەن مىسرا بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، بۇ 18- ئەسىردىكى شائىر بابا رەھىم مەشرەپنىڭ داڭلىق بىر غەزىلىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ غەزەلنىڭ ھەر بىر بېيىتىدا شائىر مەشرەپ ئىسلام تارىخىدىكى مۇھىم بىر ۋەقەنى سۆزلەپ ئاندىن «مەن بىللە ئىدىم» دەپ يازىدۇ. تەسەۋۋۇپ شائىرى مەشرەپنىڭ بۇ سۆزى بەندە بىلەن خۇدانىڭ بىرلىشىشىگە ۋەكىللىك قىلسا، پەرھاتنىڭ شېئىرىدا ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدىكى ساداقەتنى كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ئەلۋەتتە، غەرب مودېرنىزم ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرى پەرھاتنىڭ كېيىنكى شېئىرىيىتىدە ئەڭ مۇھىم تەسىرلەرنىڭ بىرىسىدۇر. فرانسۇز شائىر چارل بودلېيرنىڭ ئەسەرلىرى پەرھاتنىڭ شېئىرىيىتىدىكى رەزىللىك، جىنسىيەت تېمىلىرىغا مۇھىم ئىلھام بولغان بولسا، چېخ يازغۇچى فرانز كافكانىڭ ھېكايە-رومانلىرى پەرھاتنىڭ كېسەل تېمىسىغا ئالاھىدە قىزىققانلىقىغا تۈرتكە بولغان بولۇشى مۇمكىن. شائىر ئۆزىنىڭ «فرانز كافكا» دېگەن شېئىرىدە بۇ تەسىرنى ئېتىراپ قىلىپ، مەرھۇم پروزىچىنى كۈيلىگەن. غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىغا نەزەرىيىۋى ئاساس سالغانلارمۇ پەرھاتقا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن. ئەڭ مۇھىمى سىگمۇند فروئىد باشلامچى بولغان پسىخىك ئانالىز ئىلمىدۇر، بۇ تەلىمات پەرھاتنىڭ شېئىر ۋە پروزا ئىجادىيىتىگە مۇھىم مەنبە بولغان، ھەم ئۇنىڭ كېيىنكى شېئىرلىرىدا جىنسىيەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىگە سەۋەبچى بولغان.

پەرھاتنىڭ كېيىنكى ئەسەرلىرىدە ھەر قايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ تۈرك، ئەرەب، ۋە گرېكلەرنىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرىنىڭ، ئىسلام، بۇددا، خرىستىئان، يەھۇدىي، ئاتەشپەرەس، قاتارلىق دىنلارنىڭ، ۋە ھەر قايسى پەلسەپەلىۋىي سېستىمىلارنىڭ تەسىرى تېپىلىدۇ.

شائىر پەرھاتنىڭ كېيىنكى شېئىر ئىجادىيىتى دەۋرىدىكى شېئىرلىرىدا ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك مەركىزىي تېما بولغان. پەرھاتنىڭ يېقىنقى يىللاردا يازغان كۆپ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن ھېسسىياتى ئۈمىدسىزلىنىش بىلەن غەزەب. ئەمما، بۇ شېئىرلارنىڭ بەزىلىرىدە مۇھەببەت بىلەن دوستلۇقنىڭ چۈشكۈنلۈك ۋە غەزەبتىن قۇتۇلدىغان يول ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. 2004- يىلى يازغان «كۆيۈۋاتقان بۇغداي» دېگەن شېئىرىنىڭ دەسلەپكى مىسرالىرى غەزەب بىلەن قارشىلىق ھېسسىياتىغا تولغان: «مەن ئاشۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزمەن ھەممىڭلار

قارىغان، \ قاراڭغا كائىناتتا قارارسىز، نىشانسىز سەرگەردان». لېكىن، ئۇنىڭ كەينىدىكى ئىككى مىسرا چۈشكۈنلۈككە تاقابىل تۇرۇشنىڭ يولىنى ئېچىپ بېرىدۇ: «سۆيگىن مېنى قىساسكارنىڭ قولىدىن بېرىپ قويغان، \ ئەڭ ئاخىرقى قىساس پۇرسىتىدەك». بۇ شېئىردىكى ھەممە كۇبلېتنىڭ تۈزۈلۈشى شۇنداق: ئالدىنقى ئىككى مىسرادا بايانچىنىڭ چەككەن جاپاسى تەسۋىرلەنسە، كەينىدىكى ئىككى مىسرادا بايانچى ئىككىنچى بىر شەخستىن بۇ ئەلەمدىن قۇتقۇزىدىغان بىر مۆھەببەتنى تەلەپ قىلىدۇ.

شائىر پەرھاتنىڭ بېيجىڭدە 2006- يىلى يازغان «قەسىدە» دېگەن شېئىرىمۇ مۇنداق تېمىغا مىسال بولالايدۇ. بۇ شېئىرنىڭ ھەر بىر كۇبلېتىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ مىسراسى بايانچى ياكى باشقا بىر ئادەمنىڭ ئورۇنسىز ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى سۆزلىسە، كۇبلېتنىڭ تۆتىنچى مىسراسى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «بىلەمسەن مەن سەن بىلەن بىللە» دېگەن سۆز بىلەن تەسەللى بېرىدۇ. بۇ ئوقۇرمەنگە ئىنساني دوستلۇقنىڭ تارىخنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان كۈچ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ:

كاللىلاردىن ياسالغان ئاشۇ مۇنار ئىچىدە بار مېنىڭمۇ كاللام
قىلىچنىڭ ئىتتىك گاللىقنى سىناش ئۈچۈنلا كەسكەن مېنىڭ كاللامنى. قىلىچ ئالدىدا
بىز سۆيگەن سەۋەپ نەتىجە مۇناسىۋەتنى خۇددى تەلۋە ئاشىقنىڭ ۋۇجۇدىدەك گۇمران بولغاندا
بىلەمسەن مەن سەن بىلەن بىللە.
**(پەرھات تۇرسۇن 2011، 50ـ53- بەتلەر)**

پەرھاتنىڭ كېيىنكى شېئىرلىرىدىكى ئىماگلار غەيرىي بولۇپلا قالماي، بۇرۇنقى شېئىرلىرىغا قارىغاندا ئومۇمىي ئۇقۇملار ئەمەس، بەلكى مەلۇم نەرسىلەرنى كۆپرەك كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، دەسلەپكى شېئىرلىرىدا نامسىز شەھەر كوچىلىرى، تۈرى ئېنىق بولمىغان گۈل ۋە دەرەخلەردەك ئۇنىۋېرسال ئوبرازلارنى قوللانغان بولسا، كېيىنكى شېئىرلىرىدا رېئال تۇرمۇش، تارىخ ۋە ئەپسانىلەردىن ئېلىنغان جانلىق ئوبرازلار بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى غىدىقلايدۇ. مانا بۇ پەرھات تۇرسۇن شېئىرىيىتىدىكى كونكرېت بۇرۇلۇشنىڭ ئالامىتى. دەسلەپكى شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر تارىخىي شەخس ۋە ۋەقەلەر بىر قەدەر ئاز ئۇچرىسا، كېيىنكى شېئىرلىرى، يەنى كونكرېت بۇرۇلۇشتىن كېيىنكى شېئىرلىرىدا مۇنداق تېمىلار كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، «قەسىدە» ناملىق شېئىرىدا مۇشۇنداق مەزمۇن ناھايىتى مول، بۇنىڭغا بىز ئاپاق خوجا دەۋرىدىكى جاھالەتنى ئەسلىتىدىغان تۆۋەندىكى كۇبلېتتىن مىسال ئالايلى:

شاراب ئىچىش قان ئىچىشتىنمۇ ئېغىر گۇناھ ھېسابلانغان ئاشۇ دەۋرلەردە، بىلەمسەن ئادەم
قېنىدا چۆگىلىگەن تۈگمەندە تارتىلغان ئۇننىڭ تەمنى؟ ئەلىشىر ناۋائى

ئەسەبىيلەرچە خام خىيال قىلىپ چىققان شارابىنىڭ تەمى ئۆلگە ئىلىنغان مېنىڭ قېنىمدىن
چەكسىز سىرلىقلاشقان ئاشۇ مەستلىكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا
بىلەمسەن مەن سەن بىلەن بىللە.

پەرھات تۇرسۇن كۆپرەك ئوقۇرمەنگە پروزىچى دەپ تونۇلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. گەرچە شائىرنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ خەلق بىلەن ئوبزورچىلارنىڭ ئالقىشىغا كۆپرەك ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كېيىنكى شېئىرلىرى دەل شۇ قائىدىلەرگە بويسۇنماي، يېڭى يوللارنى ئاچقانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە بەكرەك تەسىر قىلغان. نۇرغۇن ياش شائىرلار پەرھات تۇرسۇننىڭ مودېرنىزم شېئىرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇ پاراگراف پەرھاتنىڭ پروزا ئەسەرلىرىدىكى مودېرنىزم بۇرۇلۇشى بىلەن شېئىرىيىتىدىكى مودېرنىزم بۇرۇلۇشىنىڭ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى، ھەم شائىرنىڭ دەسلەپكى ۋە كېيىنكى شېئىرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ۋە ئورتاقلىقلارنى ئىزاھلىغان. شائىر پەرھاتنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئىككى دەۋرگە بۆلۈنگەنلىكى، شۇ ئىككى شېئىر دەۋرىنىڭ بىر-بىرىدىن مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن پەرقلەنگەنلىكى كۆرستىلگەن. كېيىنكى تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ تېمىدا داۋاملىق ئىزدىنىپ، بۇ نۇقتىلاردىكى بىلىممىزنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن.

# خاتىمە: ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتىنىڭ بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى

يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك، ئوسمان مەمەت ئۆز ماقالىسىدە گۇڭگا شېئىرىيەت ھېرىكىتىنى 1986- يىلى باشلىنىپ، 1993- يىلى ئاخىرلاشقان دەپ خۇلاسە چىقارغان. ئوسماننىڭ دېيىشىچە، گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ باشلامچى شائىرلىرى تەخمىنەن 1993- يىلى گۇڭگا ئېقىمدىن چېكىنگەن بولۇپ، كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئورنىنى باشقا گۇڭگا شائىرلار تولدۇرۇپ بولالمىغان. (ئوسمان مەمەت 2008، 26-28- بەت) مىسالغا ئالساق، ئوسمان مەمەتنىڭ دېيىشىچە، ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شېئىرلىرى «92- يىلدىن كېيىن ئاساسەن مەتبۇئات يۈزىدە كۆرۈلمەيدۇ». ئەمەلىيەتتە، ئەخمەتجان ئوسماننىڭ ئەرەب تىلىدىكى شېئىر توپلاملىرى داۋاملىق چىقىپ تۇرغان، ھازىرغىچە ئەڭ كېيىنكىلىرى 2003-، 2007- يىللىرى چىققان. ئەخمەتجاننىڭ ئۇيغۇرچە شېئىرلىرى توردا داۋاملىق نەشىر قىلىنىپ تۇرغان، مەسىلەن ئەخمەتجاننىڭ ئەڭ نادىر ئەسەرلىرىدىن سانىلىدىغان «كەينىڭلاردىن ئەۋەتتىم قاراڭغۇلۇقنى» ۋە «شېھىرىزاتنىڭ ئاغزىدىن ئۈزۈلۈكسىز ئۆتىۋاتقان كېچىلەر» دېگەن شېئىرلىرى ئىككىلىسى 2004- يىلى يېزىلىپ، ئۇيغۇر تورلىرىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىيات ساھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىغان. ئەلۋەتتە، شائىر ئەخمەتجاننىڭ 95- يىلى «تەڭرىتاغ»تا چىققان «تويلار سىرى» دېگەن بىر يۈرۈش شېئىرلاردىن كېيىن شائىرنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ژۇرناللىرىدا ئاساسەن چىقمىغان، ئەمما، تور ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كۈنسىرى زورىيىپ كەلگەنلىك رولنى كۆزدە تۇتساق، شائىرلارنىڭ توردا ئېلان قىلىنغان شېئىرلارنى سەل قارىماسلىق كېرەكلىكى روشەن بولىدۇ.

ئوسمان مەمەت ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «93-تىن كېيىنكى شېئىرلىرىدا باشقىچە يۈزلىنىشنى ھېس قىلالايمىز» دەپ چۈشەندۈرگەن. ئەلۋەتتە، ئىجادىيىتىنى ئۇزاق ۋاقىت سىجىل داۋاملاشتۇرغان بىر شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدە يېڭىچە يۈزلىنىشلەر بولماي قالمايدۇ، ھەم ئابدۇقادىر مۇئەللىمنىڭ يېقىنقى كۈنلەردىكى ئەسەرلىرىدە بىر كلاسسىك بۇرۇلۇش يۈز بەرمەكتە. ئەمما، ئابدۇقادىر جالالىدىن شېئىر ئىجادىيىتىگە قەدەم قويغان ۋاقتىتىن باشلاپلا كلاسسىك ئۇسلۇبدا ئىزچىل ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ گۇڭگا شېئىر ئىجادىيىتى ھەرگىز 93- يىلى توختاپ قالغان ئەمەس. ئابدۇقادىر مۇئەللىمنىڭ «تەڭرىتاغ»نىڭ 1999- يىللىق 3- سانىدا ئېلان قىلىنغان «قوغۇرسۇ ئالتۇن» دېگەن شېئىردىكى بۇ مىسرالارغا نەزەر سالايلى: «سەن قۇشلارنى قۇياشتىن \ مايسىلار رەڭگىدە تۇغدۇرغان ئىدىڭ \ لېكىن، مايسىلار \ زاۋۇتلاردا ياسىلار بۈگۈن». (58- بەت) بۇ مىسرالارنى گۇڭگا دېمەي ئامال يوق. «تەڭرىتاغ»نىڭ شۇ يىللىق 5- سانىدا چىققان «كۆيگەن دېڭىز» دېگەن داستانىنى ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ گۇڭگا شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ بىر پەللىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. گەرچە گۇڭگا شېئىرىيەت ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە دەسلەپ ئۇچرىغان ۋاقتىدىن باشلاپ بۇ شېئىرلار چىققان ۋاقىتقىچە بولغان ئارىلىقتا ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە تۈرلۈك تەرەققىياتلار ۋە ئوخشىمىغان يۆنىلىشلەر

كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما، يۇقىرىقى شېئىرلارنى گۇڭگا ئېقىمغا تەۋە قىلماسلىقتا ئاساسىمىز يوق.

ئوسمان مەمەت يەنە ئادىل تۇنىياز، چىمەنگۈل ئاۋۇتنەك شائىرلارنى ئىككىنچى ئەۋلاد گۇڭگا شائىرلار دەپ ئاتاشنىمۇ خاتا دەپ قارايدۇ. (ئوسمان مەمەت 2008، 27-28- بەت) ئەمما، گۇڭگا شېئىر ھەرىكىتىگە نەچچە يىل ئىزچىل قاتنىشىپ، شۇنىڭغا ئالاقىدار نۇرغۇن ئىشلارغا شاھىد بولغان يازغۇچى پەرھات ئىلياس ئۆزى يېڭىچە شېئىرلار ھەرىكىتى دەپ ئاتىغان ھەرىكەتنى دەل شۇ شائىرلار بىلەن داۋاملاشقان دەپ يەكۈن چىقارغان:

95- يىللاردىن كېيىن ئادىلجان تۇنىياز، پەرھات تۇرسۇن، ئابلىكىم ھەسەن، زاماندىن پاكزات، غەنى رەشىدى، چىمەنگۈل ئاۋۇت قاتارلىق يەنە بىر تۈركۈم ياش شائىرلار يېتىشىپ چىقتى ھەم ئۇلارنىڭ ئايرىم شېئىر توپلاملىرىمۇ نەشر قىلىندى. مەسىلەن، ئادىلجان تۇنىياز «سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا»، «بوستاق شائىرنىڭ مەخپىيىتى»، پەرھات تۇرسۇن «مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن يۈز پارچە»، ئابلىكىم ھەسەن «ئەللەي تەبىئەت»، غەنى رەشىدى «دادامغا خەت»، چىمەنگۈل ئاۋۇت «تەتۈر چېقىن». بۇلارنىڭ شېئىرلىرى ئالدىنقى يېڭىچە شېئىرلارغا قارىغاندا ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ يېڭىچە شېئىرىيەتتىكى ئىككىنچى ئەۋلاد شائىرلار دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.
**(«غالىب تەشۋىشلەر»، 31- بەت)**

ئادىل تۇنىياز، پەرھات تۇرسۇندەك شائىرلارنى گۇڭگا شېئىرىيەتكە تەۋە قىلىش-قىلماسلىق مەسىلىسى ھەققىدە بىز يۇقىرىدا توختالدۇق. (لېكىن، بۇنى قايتىدىن ئەسكەرتىشكە ئەرزىيدۇكى، پەرھات تۇرسۇننىڭ «مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن يۈز پارچە» دېگەن توپلىمىدىكى شېئىرلار ئەمەلىيەتتە گۇڭگا شېئىرلار ئەمەس، بەلكى ئەنئەنىۋي شېئىرلار.) لېكىن مۇنداق شائىرلارنى گۇڭگا ئېقىمغا تەۋە قىلماي، گۇڭگا دېگەن ئاتالغۇنى تار مەنىدە چۈشەنگەندىمۇ، 1993- يىلدىن بېرى يېڭى گۇڭگا شائىرلار داۋاملىق يېتىشىپ كەلگەن. ياش ئەۋلادتىن ھازىر ئوسمانجان مۇھەممەد پاسىئان، مۇرات مەخمۇت ئېزىتقۇ، ئابدۇۋېلى ئېھرشىدىن بوزلان، قاتارلىقلارمۇ بار. 1980- يىللاردا تۇغۇلغان بۇ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى كلاسسىك گۇڭگا شېئىرلار ھېسابلىنىدۇ، ئۇلاردىن قىسقىغىنا مىسال ئالايلى:

مۇشۇ دەقىقىدە
بىر ئەما بىلەن كۆزداش بولۇپ
سىلەرنى ئارىلىدىم
بىزنى كۆرەلمەيدۇ دەپ ئويلاپ قالدىڭلار بولغاي
بەزىلىرىڭلار خۇدانىڭ ئۆيىنى كۆرسەتكەن بولۇپ
ئەسىرلەر بويى يۈتتۈرۈپ بولالمىغان تۇرالغۇڭلارنى ئىشارە قىلدىڭلار
بىز مەيلى دېدۇق
بەزىلىرىڭلار ھېچ ئىككىلەنمەيلا

خۇسۇسىي خاتىرىلىرىڭلار بىلەن ئاياللىرىڭلارنى
بۇ بىزنىڭ مۇقەددەس ئەنئەنىمىز دېدىڭلار
بىز مەيلى دېدۇق
**(«ئەنئەنىگە قارشى»، ئوسمانجان مۇھەممەد [پاسىئان])**

قەلبىمنى يوشۇرۇن ھۇۋلاپ باقىسەن،
سۆڭەكلەر ئارىسىدا ھۇۋلىغان ئاۋازىڭنى تىڭشاپ ياتقىلى مىڭ يىل بولدى.
روھىمىز بىر ـ بىرسىنى نىشانلاپ ئېتىلغان ئوق ئىدى،
كۆمۈلگەن شەھەرلەردەك جەسىتىمىز يېرىم ئېچىلغاندا،
قەلبىمنى يوشۇرۇن ھۇۋلاپ باقىسەن.
**(«كونا ئېرا ۋە بۆرە قىز»، ئابدۇۋېلى ئەرشىدىن [بوزلان])**

يېقىندىلا يېزىلغان بۇ ئىككى شېئىر ئېنىقلا گۇڭگا ئېقىمغا تەۋە، ھەم 20 يىل ئالدىدا يېزىلىۋاتقان گۇڭگا شېئىرلار بىلەن سۈپەت جەھەتتىن تەڭ تۇرىدۇ. دېمەك، گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ تا ھازىرغىچە ئۈزۈلگىنى يوق، بەلكى بۇ ئېقىم داۋاملىق بېيىپ ماڭدى، ھەم تەرەققىيات جەريانىدا غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد، ئاسىمجان ئوبۇلقاسىمدەك نۇرغۇنلىغان باشقا شائىرلارغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيەت تېمىسى شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى تەتقىقاتچىلارنىڭ داۋاملىق دىققەت قىلىشىغا ئەرزىيدۇ. گۇڭگا شېئىرلارنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتى مانا ئەمدى باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ھەل بولمىغان مەسىلىلەر بار. گۇڭگا شېئىرىيەتنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئورنىمۇ داۋاملىق ئىزدىنىشكە ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە، ئۇنىڭدا ساقلانغان نۇرغۇن يېشىلمىگەن سىرلارغا كېيىنكى ئىزدىنىدىغانلار بەلكىم گۇڭگا شېئىرلار بىلەن بۇرۇنقى شېئىرلارنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا يۈزلىنەلىشى مۇمكىن. شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن مەسىلىلەر گۇڭگا شېئىرىيەت تېمىسىدا تەتقىقاتچىلارنى كۈتمەكتە.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

ئابدۇقادىر جالالىدىن: «چېقىلغان يۇلتۇز»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1987- يىللىق 4- سان، 76ــ78- بەتلەر.

ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى: «ھازىرقى زامان شېئىرلىرىدىن تاللانما»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1988 يىللىق 4- سان، 79ــ80- بەتلەر.

ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي (نەشرگە تەييارلىغۇچى): «ئەسلي يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى»، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2005- يىل.

ئادىل تۇنىياز: «بويتاق شائىرنىڭ مەخپىيىتى»، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998- يىل.

ئادىل تۇنىياز: «پەيغەمبەر دىيارىدا كېچىلەر (ماقالىلەر توپلىمى)»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004- يىل.

ئادىل تۇنىياز: «چۈمبەلدىكى كۆز»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003- يىل.

ئادىل تۇنىياز: «دېڭىزدىكى كوچا»، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006- يىل.

ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (4 توم، 1ــ كىتاب)، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006- يىل.

ئەخمەتجان ئوسمان: «ئېزىققان يوللار: شېئىرلار»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1986- يىللىق 1- سان، 109ــ111- بەتلەر.

ئەخمەتجان ئوسمان: «ئۆلگەن گۈلدىن ئۆرلىگەن ئەتىر»، «تارىم» ژۇرنىلى 1991- يىللىق 8- سان، 41ــ43- بەتلەر.

ئەخمەتجان ئوسمان: «تۈگىمەس ناخشا ھەققىدە تەھلىل»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى -1992 يىللىق 4- سان، 94ــ96- بەتلەر.

ئەخمەتجان ئوسمان: «"ئالمىدەك يۇرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ" ھەققىدە»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1992- يىللىق 5- سان، 70ـ71- بەتلەر.

ئەخمەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر قىزى لىرىكىسى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1992- يىل.

ئەخمەتجان ئوسمان: «روھ پەسلى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996- يىل.

ئەلىشىر نەۋائى (تېپىپجان ئېلىيېۋ نەشرگە تەييارلىغان)، «غەزەللەر»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981- يىل.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «دادىللىق ۋە يېڭىلىق»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى -1987 يىللىق -1 سان، 70ـ77- بەتلەر.

باتۇر روزى: «شېئىرلار»، «تارىم» ژۇرنىلى 1989- يىللىق 6- سان، 47ـ50- بەتلەر.

باتۇر روزى: «ئايسىز ئايدىڭ»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1993- يىللىق 1- سان، 23- بەت.

باتۇر روزى: «سىموۋل ئېڭى ۋە مەدەنىيىتىمىزدىكى بۆھران»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1998- يىللىق 3- سان، 88ـ95- بەتلەر.

بۇغدا ئابدۇللا: «شېئىرىيەتتىكى بوشلۇق»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004- يىل.

بۇغدا ئابدۇللا: «كومزەك كۆتۈرگەن قىز: شېئىرلار ۋە داستانلار»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004- يىل.

پەرھات تۇرسۇن: «مۇھەببەت لىرىكىلىرىدىن يۈز پارچە»، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998- يىل.

پەرھات تۇرسۇن: «مەسىھ چۆلى (پوۋېستلار)»، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998- يىل.

پەرھات تۇرسۇن: «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى (رومان)»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999-يىل.

پەرھات تۇرسۇن: «كۆيۈۋاتقان بۇغداي (شېئىرلار)»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2008- يىللىق 3-سان، 58ـ60- بەتلەر.

پەرھات تۇرسۇن: «ئەتىگەن تۇيغۇسى، قەسىدە» (ئەسلى نۇسخىسى بىلەن جاشۇۋا فرىيمىن ئىشلىگەن ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ۋە كىرىش سۆز). «Hayden's Ferry Review» ژۇرنىلى 48-سان، 2011- يىل، 46ـ53- بەت.

پەرھات ئىلياس: «جەڭگىۋار سۈكۈت، غالىب تەشۋىشلەر»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1988- يىللىق 1-سان، 56ـ58- بەتلەر.

پەرھات ئىلياس: «ئاپتورنىڭ شېئىر ۋە شائىر ھەققىدىكى قاراشلىرى»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1988-يىللىق 1- سان، 58- بەت.

پەرھات ئىلياس: «غالىپ تەشۋىشلەر»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نهشرىياتى، 2001- يىل.

پولات ھېۋزۇللا: «نىتزىپ»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1988- يىللىق 6- سان، 52ـ55- بەتلەر.

تاھىر ھامۇت: «ئىسمىڭ»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1989- يىللىق 6- سان، 57- بەت.

تاھىر ھامۇت: «شېئىرلار»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1992- يىللىق 3- سان، 42ـ44- بەت.

تاھىر ھامۇت: «شېئىرلار»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، 1995- يىل 2- ئاينىڭ 11- كۈنى، 4- بەت.

تاھىر ھامۇت: «غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىن ئومۇمىي بايان (1): غەرب مودېرنىزم ئەدەبىيات ئېقىملىرى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000- يىل.

تاھىر ھامۇت: «يۈرەكنى تىنتىپ تېلېفون كېلىدۇ (شېئىرلار)»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2008-يىللىق 6- سان، 25ـ26- بەت.

تاھىر ھامۇت: «جەنۇبقا سەپەر، قۇربان ھېيت ھارپىسى، 93'» (ئەسلى نۇسخىسى بىلەن جاشۇۋا

فرىيمىن ئىشلىگەن ئىنگلىزچە تەرجىمە)، «Crazyhorse» ژۇرنىلى 79- سان، 2011- يىل، 140ـ143- بەتلەر.

تاھىر ھامۇت: «قەشقەرگە قايتىش» (جاشۇۋا فرىيمىن ئىشلىگەن ئىنگلىزچە تەرجىمە)، «Gulf Coast» ژۇرنىلى 24- سان، 2011- يىل، 129- بەت.

تۇرسۇن ئەرشىدىن: «ل. مۇتەللىپ ــ ھاياتى، پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى توغرىسىدا»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007- يىل.

تېيىپجان ئېلىيېۋ: «ئەسەرلەر (ماقالىلەر، خەت-چەكلەر، ئەسلىمىلەر ۋە ھېكايىلەر)»، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992- يىل.

تېيىپجان ئېلىيېۋ: «تېيىپجان ئېلىيېۋ شېئىرلىرى»، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997- يىل.

سۇلايمان قەييۇم: «شېئىرىيەت دېڭىزىدىكى يىگانە ئارال: ئادىل تۇنىياز ئىجادىيىتى توغرىسىدا مەخسۇس تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىر دىسسېرتاتسىيىسى، 2009- يىل.

شۇتىڭ (پەرھات ئىلياس تەرجىمىسى): «شۇتىڭ شېئىرلىرىدىن توت پارچە»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1988- يىللىق 5- ساندا (66ـ68- بەتلەر).

شېن شېن (پولات ھېۋزۇللا تەرجىمىسى): «شېئىرىيەتتىكى 22 خىل نىزام»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، 1988- يىللىق 1- سان، 86ـ92- بەتلەر، 1988- يىللىق 2- سان، 79ـ83- بەتلەر، 1988- يىللىق 3- سان، 56ـ68- بەتلەر.

قۇربان بارات: «قۇربان بارات ئەسەرلىرىدىن تاللانما» (5- توم)، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998- يىل.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ: «ل. مۇتەللىپ ئەسەرلىرى» (ئەلقەم ئەختەم نەشرگە تەييارلىغان)، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981- يىل.

مۇتەللىپ مەڭسۇر: «تاش چېچەكى»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1994- يىللىق 4- سان، 98- بەت.

نۇرمۇھەممەد ئۆمەر: «20ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات چۈشەنچىسىنىڭ ئۆزگىرىشى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىر دىسسېرتاتسىيىسى، 2009ـ يىل.

نىتزې (پولات ھېۋزۇللا تەرجىمىسى): «نىتزې ئەسەرلىرىدىن»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1988ـ يىللىق 6ـ سان، 56ـــ62ـ بەتلەر.

ئوسمان مەمەت: «ئۇيغۇر گۇڭگا شېئىرىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، ماگىستىر دىسسېرتاتسىيىسى، 2008ـ يىل.

ئۆمەر مۇھەممىدى: «ئېغىر كۆڭلەردە»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1987ـ يىل.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى (نەشرگە تەييارلىغۇچىلار): «قەشقەردىكى يەر شارى»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000ـ يىل.

ئىلغارجان سادىق: «يېتىم ناخشىلار»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1988ـ يىللىق 3ـ سان، 71ـــ72ـ بەتلەر.

يالقۇن جۇمە (ئا): «ئىزدىنىش ۋە غۇلغۇلا»، «تارىم» ژۇرنىلى 1988ـ يىللىق 8ـ سان، 132ـــ147ـ بەتلەر.

يالقۇن جۇمە (ب). «ئىزدىنىش ۋە غۇلغۇلا، داۋامى»، «تارىم» ژۇرنىلى 1988ـ يىللىق 9ـ سان، 124ـــ136ـ بەتلەر.

Chen, Xiaomei (چېن): *Occidentalism: A Theory of Counter-Discourse in Post-Mao China: Second Edition, Revised and Expanded*, Lanham, MA, Rowman & Littlefield, 2002.

Friederich, Michael (فرىيدىرىخ): "Uyghur Literary Representations of Xinjiang Realities," in *Situating the Uyghurs Between China and Central Asia*, edited by Ildikó Bellér-Hann, et al., 89-107, Aldershot, England, Ashgate, 2007.

# ئاخىرقى سۆز

ئالدى بىلەن مەن ھۆرمەتلىك يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇم، ئۇستازىم ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان مۇئەللىمگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئازاد مۇئەللىمنىڭ ئۆز ئىشىنىڭ تولىمۇ ئالدىراشلىقىغا قارىماي، ماڭا ۋاقتىنى ئاجرىتىپ ھەر قايسى جەھەتلەردىن ياردەملىشىپ بەرگىنى مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەن. ئازاد مۇئەللىم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن تەتقىقاتچى ھەم ئوبزورچى بولۇپ، ئەدەبىي ئىشلاردا لىللا ھەم ئادىل مەيدان تۇتۇشى ماڭا مۇھىم ئۈلگە بولغان. ئازاد مۇئەللىم ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ۋە خەلق ئاممىسى تەڭ چوڭ بىلىدىغان زاتلاردىن بىرى، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا قارىماي، ھەر ۋاقىت ئاددى-ساددا يۈرىدۇ، ھەممە ئادەمگە سەممىي مۇئامىلە قىلىدۇ، بۇ كىشىنىڭ مۇنداق ئېسىل پەزىلىتى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

مەن يەنە ئابدۇقادىر جالالىدىن مۇئەللىمگىمۇ چوڭقۇر رەھمىتىمنى ئېيتىمەن. ئابدۇقادىر مۇئەللىم مېنىڭ تەتقىقات تېمام بولغان گۇڭگا شېئىرىيەت ھەرىكىتىنىڭ قاتناشچىسى، مۇھىم ئاساس سالغۇچىسى ھەم شاھىتى. ئابدۇقادىر مۇئەللىم بۇ تېمىدا ماڭا ئىنچىكە ھالدا ناھايىتى ياخشى تەكلىپلەر ۋە تەنقىدلەر بېرىپ كەلدى، ئۆز ئىشىنىڭ ئالدىراشلىقىغا قارىماي، ماڭا كۆپ ۋاقىت ئاجرىتىپ، مەن بىلەن كۆپ پاراڭلىشىپ، ئومۇمىي ئىزدىنىشلىرىمنى ناھايىتى ياخشى يېتەكلىدى. شەكسىزكى ئۇنىڭ ئۇشبۇ ياردەملىرى تەتقىقاتىمنىڭ سۈپىتى ۋە ئىلمىيلىكىنى زور دەرىجىدە ئاشۇردى.

بۇلاردىن باشقا ئىقبال تۇرسۇن مۇئەللىم، مامبەت تۇردى مۇئەللىم، مۇقەددەس ئالىم مۇئەللىم، ھەسەنجان ئابلىز مۇئەللىم، مەريەم مەمەتتۇرسۇن مۇئەللىم، مامۇت ئىمىن مۇئەللىم قاتارلىق ئۇستاز-مۇئەللىملەرمۇ ماڭا كۆپ ياردەم بەردى، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە چەكسىز مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. بۇلارغا قېتىلىپ ساۋاقداشلىرىممۇ ھەر خىل ئىلمىي تېمىلاردا ماڭا سائەتلەپ ھەمسۆھبەت بولدى، بۇ پاراڭلارنى ئوقۇغۇشۇمنىڭ ئالاھىدە مۇھىم ھەم ئەھمىيەتلىك بىر قىسمى دەپ قاراپ ئۇلارغىمۇ رەھمەت ئېيتىمەن.

مەن باشقا دۆلەت، باشقا مىللەتتىن كەلگەن ئادەم، لېكىن بۇ يەردە ئۇزاق تۇرۇش جەريانىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش جەريانىدا مەن بۇ خەلقنىڭ چىقىشقاق، سەممىي، دوستانە ھەم مەرد خاراكتېرىدىن سۆيۈندۇم. جىق ئادەملەر مېنى ئۆزىنىڭ يۇرتىدىن ئۇزاق ئايرىلىپ جاپالىق سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرۈپ كەلدى دەپ ئويلايدۇ، لېكىن مەن ئۇنداق ھېس قىلىپ باقمىدىم. شىنجاڭدىكى ۋاقتىمدا يەرلىك ئادەملەر مېنى ئارىغا ئالدى، ياخشى مۇئامىلە قىلدى، تەسىرلەندۈردى. شۇڭا مەن ئويلايمەنكى، ماگىستىرلىق ئوقۇشۇمنىڭ پۈتۈشى بۇ سەپەرنىڭ ئاخىرى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يېڭى بىر باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ.